ئادىل ئىمىن

# ئەتىرگۈل مەلىكە



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئادىل ئىمىن 1965 - يىلى
يەكەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى
ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1987 -
يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنس-
تىتۇتىنىڭ سىياسىي - مائارىپ
پاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن
كېيىن، يەكەن ناھىيىلىك تو-
لۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەت-
كە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ كى-
چىكىدىن تارتىپ ئەدەبىياتقا
ئىشتىياق باغلاپ، ئوتتۇرا
مەكتەپ مەزگىلىدىلا ئىجادىيەت
مەشقىنى باشلىغان — ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قى-

ئادىل ئىمىن

# ئەتىرگۈل مەلىكە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

玫瑰公主:维吾尔文/阿迪力·依明著.喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.10
ISBN 978-7-5373-1756-6

Ⅰ.玫… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.Ⅰ287.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 156252 号

责任编辑:**姑丽巴哈尔·麦麦提依明**
责任校对:**坎拜尔古丽·吾斯曼**

**玫瑰公主**

作者:**阿迪力·依明**

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092 毫米　1/32 开本 6.25 印张
2008 年 10 月第 1 版　2008 年 10 月第 1 次印刷
**印数**:1 —— 3080　　**定价**:13.00 元

---

如有质量问题,请与我社联系调换。电话:0998—2653927

# مۇندەرىجە


مەلىكىنىڭ يىگىت سىنىشى ........................ 1
يوقالماس بايلىق ............................ 10
نىلۇپەر قىز ............................ 16
قار مەلىكە ............................ 34
ئاققىز بىلەن قارىقىز ............................ 50
ئۆچقۇنبالا - پەرۋانەقىز ............................ 64
ئالمىقىز ............................ 72
كىچىككىنە مەلىكە بىلەن چاشقان ............................ 88
ئەتىرگۈل مەلىكە ............................ 121
گۈل ۋە بۇلبۇل ............................ 140
پادىچى يىگىت بىلەن ئاپئاق مەلىكە ............................ 156
ئالتۇن ئاچقۇچ ............................ 188

# مەلىكىنىڭ يىگىت سىنىشى

قاچاندۇر بىر زامانلاردا تەڭرىتېغى باغرىدا قاياقىدۇر سوزۇلغان بىر يول ئۇستىدە ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى يەر قويىنىدىن چىقتىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر جۈپ ئاق چاشقان ئات بولۇپ، تاۋاقتەك يوغان بىر تال نىلۇپەرگۈلنى هارۋا قىلىپ سۆرەپ كېتىۋاتماقتىكەن. گۈل ئۇستىدە بولسا تەخسىدەك چوڭلۇقتىكى نىلۇپەر ياپرىقىنى كۆنلۈك قىلىۋالغان ئاجايىپ گۈزەل هۆسن - جامالى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان، لېكىن بوي - بەستى بىر غېرىچلا كېلىدىغان قونچاقتەك كىچىككىنە بىر قىز ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ هارۋىدا كېتىۋېتىپ مۇنداق ناخشا ئېيتىدىكەن:

مەن بىر كىچىك مەلىكە،
ئەسلىي بىر چوڭ مەلىكە.
كىم قايتۇرسا ئەسلىمگە،
ئۇينايدۇ توي - مەرىكە.

ئۇ ئۆزى كىچىككىنە بولغىنى بىلەن ئاۋازى كۈمۈش قوڭغۇراقتەك زىل ۋە جاراڭلىق بولۇپ، كىشىنىڭ يۈرەك

تارىنى تىترىتىدىكەن.
شۇ چاغدا ئاتلىق كېتىۋاتقان بىر شاھزادە بۇ كىچىك مەلىكىگە يولۇقۇپ ئۇنى چاقىرىپتۇ:
— ھەي ئوماق كىچىك مەلىكە، مەن سىزنى ئەسلى-ڭىزگە كەلتۈرۈشنى خالايمەن. بىراق، قانداق قىلىش كې-رەكلىكىنى بىلمەيمەن. سىز بۇنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەم-سىز؟
— ئېيتىپ بېرىمەن، ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ كىچىك مەلىكە ئۆزى ئولتۇرغان ھارۋىنى توختىتىپ، — بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك نېرىدا، ئېگىز تاغلارنىڭ بىرىدە چوڭ بىر غار بار، غاردا بېشى گۈمبەزدەك، بېلى يوغان كۆپتەك، ئاغزىدىن ئوت، بۇرنىدىن ئىس - تۈتەك پۇركۈي-دىغان، چىشلىرى قىلىچتەك، تىلى ئۆتكۈر نەيزىدەك ئاجا-يىپ بىر مەخلۇقات — چوڭ بىر ئەجدىھا ياتىدۇ، ئەجدىھا-نىڭ ئاغزىدا بىر ئەڭگۈشتەر بار، سىز شۇ ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈپ بەدىنىمگە سۈركىسىڭىزلا دەرھال ئەسلىم-گە كېلىمەن، ئاندىن ئەمرىڭىزگە ئۆتىمەن. ئەڭگۈشتەرنى ئەكېلىشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟
— ھازىر ئېتىم چارچاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېنىم تازا ساق ئەمەس، سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ياخشىراق ئاتقا مىنىپ بېرىپ ئەڭگۈشتەرنى چو-قۇم ئېلىپ كېلىمەن، يەنە نۇرغۇن لەشكەر يىغىپ بېرىشىم كېرەكقۇ؟ — دەپتۇ.
— خوش ئەمىسە، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە، ئان-دىن ئۇ يەنە ناخشىسىنى توۋلاپ يولىنى داۋام قىپتۇ:

مەن بىر كىچىك مەلىكە،
ئەسلىي بىر چوڭ مەلىكە.
كىم قايتۇرسا ئەسلىمگە،
ئۇينايدۇ توي - مەرىكە.

بىر چاغدا ئۇنىڭغا بىر بايۋەچچە يولۇقۇپتۇ ۋە مەلىكەنى چاقىرىپتۇ:

— ھەي، ئوماق كىچىك مەلىكە، توختاپ تۇرۇڭچۇ، مەن سىزنى ئەسلىڭىزگە قايتۇرۇشنى خالايمەن، بىراق قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن. سىز ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— ئېيتىپ بېرىمەن، ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ كىچىك مەلىكە توختاپ، — بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك نېرىدا، ئېگىز تاغلارنىڭ بىرىدە چوڭ بىر غار بار، غاردا بېشى گۈمبەزدەك، بېلى يوغان كۈپتەك، ئاغزىدىن ئوت، بۇرنىدىن ئىس - تۈتەك پۇركۈيدىغان، چىشلىرى قىلىچتەك، تىلى ئۆتكۈر نەيزىدەك ئاجايىپ بىر مەخلۇقات — چوڭ بىر ئەجدىھا ياتىدۇ، ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا بىر ئەڭگۈشتەر بار، سىز شۇ ئەڭگۈشتەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بەدىنىمگە سۈركىسىڭىزلا دەرھال ئەسلىمگە كېلىمەن، ئاندىن ئەمرىڭىزگە ئۆتىمەن، ئەڭگۈشتەرنى ئەكېلىشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟

بايۋەچچە بىرھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— مەن ھازىر كاتتا بىر سودا ئىشىنى پۈتكۈزگىلى كېتىۋاتقان، شۇ ئىشنى تۈگىتىپ قايتقىنىمدا ئاندىن ئەڭگۈشتەرنى ئەكەلگىلى بېرىش ئىشىنى ئويلىشىپ باقاي،

تېخى بىرمۇنچىلىغان شىر يۈرەك باھادىرلارنى تېپىپ ھەمراھ بولۇشقا كۆندۈرۈشكىمۇ توغرا كېلىدۇ.
— خوش ئەمىسە، — دەپتۇ كىچىك مەلىكە، ئاندىن ئۇ يەنە ھېلىقى ناخشىسىنى توۋلاپ يولىنى داۋام قىپتۇ.
بىر چاغدا ئۇنىڭغا يەنە بىر يىگىت يولۇقۇپ توۋلاپتۇ:
— ھەي كىچىك ئوماق مەلىكەم، مەن سىزنى ئەسلىڭىزگە قايتۇرۇشنى خالايمەن، بىراق قانداق قىلىشنى بىلمەيمەن، بۇنى سىز ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
— ئېيتىپ بېرىمەن، ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ كىچىك مەلىكە توختاپ، ھېلىقى گەپنى يەنە تەكرارلاپ، سىز ئاشۇ ئەگىۋشتەرنى ئەكېلىشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟
— جۈرئەت قىلالايمەن، — دەپتۇ يىگىت قەتئىيلىك بىلەن، — مەن چوقۇم ئەگىۋشتەرنى قولغا كەلتۈرۈپ سىزنى ئەسلىڭىزگە قايتۇرىمەن، مېنى كۈتۈڭ!
ئۇلار خوشلىشىپتۇ. ئەمدى بىز كىچىك مەلىكىنى شۇ يەردە قويۇپ تۇرۇپ يىگىتكە ئەگىشەيلى، قېنى قەيەرگە باردىكىن، قانداق قىلىدىكىن؟!
يىگىت مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئالدىغا بېرىپتۇ ـ دە:
— ئۇستام، — دەپتۇ تۆمۈرچىگە، — ماڭا بىر ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن بويۇمغا تەڭ چوڭ قالقان كېرەك ئىدى، سوقۇپ بەرگەن بولسىلا.
— ماقۇل، — دەپتۇ تۆمۈرچى، — ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېلىپ كېتىڭ، باھاسى ئون تىللا.
— دېگەنلىرىدەك بولسۇن، — دەپتۇ يىگىت خۇشال

بولۇپ،— مەن بۇ ئۈچ كۈندە پۇلنىڭ غېمىنى قىلاي.
يىگىت تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىدىن قايتىپ چىقىپ، قايناق بازارغا بېرىپتۇ، كېلىشكەن ۋە بەستلىك قامىتىگە يوشۇرۇنغان كۈچ - قۇۋۋەت ۋە غەيرەت - شىجائىتىگە تايىنىپ، ئەڭ ئېغىر ئىشلارنى تاللاپ، ئىككى كىشىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىپ، تاپقان پۇلىدىن يېمەك - ئىچمىكىگە ئازغىنە خىراجەت قىلغاندىن باشقا، قالغان ھەممىسىنى بىر تىيىن زايە قىلماي يىغىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئىشلەپ پۇل يىغىپ، ئۈچ كۈندە توققۇز تىللا ھازىرلاپتۇ - دە، ئاندىن تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەممىسىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ:
— تاپقىنىم مۇشۇ بولدى، رازى بولسىلا قىلىچ - قالقاننى ئېلىپ كەتسەم، ئەگەر رازى بولمىسىلا كېمى مەندە قەرز قالسا، ئىشىم ئالدىراش ئىدى، تۈگىتىپ ئا-مان- ئېسەن قايتىپ كەلگىنىمدە قايتۇرسام قانداق،— دەپتۇ مۇلايىملىق بىلەن.
— رازىمەن،— دەپتۇ تۆمۈرچى خۇرسەن بولۇپ،— قويغان باھايىم ئۆرە ئىدى. سىزنى باھا تالىشىدۇ دېگەن ئويدا شۇنداق قىلغانتىم. مەرد يىگىت ئىكەنسىز، باھا تالاشماي دېگىنىمنى بەرمەك بولۇپ كەتتىڭىز، مەنمۇ تاشقا ئۇرسا تاشنى ياغدەك كېسىدىغان ئالماستەك قىلىچ ۋە ھەر-قانچە ئۆتكۈر نەيزىمۇ كار قىلمىغۇدەك مەزمۇت ۋە پۇتۇن بويىڭىزنى مۇھاپىزەت قىلغۇدەك چوڭ قالقاننى ياساپ پۈت-كۈزدۈم، ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، قولۇمغا تۇتقۇزغىنىڭىزمۇ باھاسىدىن ئارتۇق، سىزگە ئامانلىق ۋە نۇسرەت تىلەيمەن.
ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ كۆز چاق-

نىتىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن چوڭ قالقاننى يە-
گىتكە بېرىپتۇ. شادلىققا چۆمگەن يىگىت تەشەككۈر ئېي-
تىپ قىلىچ - قالقاننى كۆتۈرگىنىچە يولىغا راۋان بوپتۇ.
مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ غايەت
ئېگىز بىر تاغ باغرىغا يېتىپ كېلىپ، بىر چوڭ غارنى
كۆرۈپتۇ. «ئەجدىھانىڭ غارى مۇشۇ بولسا كېرەك دېگەن
ئوي بىلەن جاسارەت كەمىرىنى چىڭىتىپ، قىلىچىنى يالى-
ڭاچلاپ، قالقاننى كۆتۈرۈپ، غار تەرەپكە مېڭىپتۇ. گۆر-
دەك قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپتۇ، بىراق ئەجدىھانىڭ دې-
رىكى بولماپتۇ. ئىچكىرىلەپ كېتىۋېرىپتۇ، لېكىن ئەجدى-
ھاغا يولۇقماستىن، بەلكى تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە چىقىپ
قاپتۇ.
ئۇ يەردە پايانسىز كەتكەن نېلۇپەر بىلەن ئورالغان
كۆل ۋە كۆل بويىدىكى گۈلزارلىقتا ئاپئاق داستىخاننى
يېيىپ تۈرلۈك ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى تىزىپ ئولتۇرغان
ئاجايىپ گۈزەل بىر ھۆر - پەرىنى كۆرۈپتۇ. يىگىت دۇنيا-
غا كۆز ئاچقىنىدىن بېرى مۇنداق گۈزەل ھۆسن - جامال
ئىگىسىنى كۆرمىگەنىكەن. يۈرىكى قۇملۇققا تاشلانغان بې-
لىقتەك تېپچەكلەشكە باشلاپ، ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىلى-
غىلى تاسلا قاپتۇ.
— مەرھابا، ئەي باتۇر يىگىت، — دەپتۇ ئول گۈزەل
رەنا خۇش تەبەسسۇم بىلەن.
يىگىت شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ، ھېلىقى ھۆر -
پەرىگە ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ ئەھۋال سوراپتۇ، ئاندىن
شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، هۆر - پەرى، ئاغزىدا ئەڭگۈشتەرى بار ئەجدىھانى ئىزدەپ ماڭغانىدىم، ئازغۇن قەدەملىرىم مېنى ئالدىڭىزغا يەتكۈزۈپتۇ، مەرھەمەت قىلىپ، ماڭا ئەجدىھا غارىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز. ئەڭگۈشتەرنى قولغا كەلتۈرمەك ھەققىدە كىچىككىنە بىر مەلىكىگە ۋەدە قىلغانىدىم، ۋەدىگە لايىق بىر ئىش قىلسام، ئول مەلىكىنىڭ ئۈمىد غۇنچىسى سەكپارە بولمىسا، مەن ھەم مۇراد گۈلۈمدىن مەھرۇم قالمىسام، سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولاتتىم؟

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، — دەپتۇ ئول دىلرەبا نازىنىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

يىگىت ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانلىقى ئۈچۈن تارتىنماستىن داستىخانغا ئولتۇرۇپ، نازۇنېمەتلەردىن قانغۇچە بەھرىمەن بوپتۇ. ماغدۇرسىزلانغان جىسمى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ئول ھۆر - پەرىگە يەنە يول كۆرسىتىپ قويماقنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— مەنزىلىڭىزگە باشلاپ بارغايمەن، — ئول ھۆر - پەرى شۇنداق چاۋاك ئۇرغانىكەن، ئالتۇن ئېگەر- توقۇملۇق بىر جۈپ ئاق تۇلپار ھازىر بوپتۇ. يىگىت بىلەن ھۆر- پەرى تۇلپارلارغا مىنىپ يەنە غار يولى ئارقىلىق تاغنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپتۇ، ھۆر - پەرى قايان باشلىسا يىگىت شۇ يانغا كېتىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ھېلىقى كىچىككىنە مەلىكىنى يولۇقتۇرغان يولغا چىقىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا باش- ئايىغىغا كۆز يەتمەس بىر چوڭ كارۋاننى باشلاپ كېتىۋاتقان

ھېلىقى بايقۇچچە يولۇقۇپتۇ.
بايقۇچچە ئول گۇلى رەنانى كۆرۈپ ئالدىنى توسۇپ دەپتۇ:
— ئەي ھۆر - پەرى، بايلىقىم بىلەن شۆھرىتىم ئالەمگە مەشھۇر، بۇ جەھەتتە نامدار شاھلارمۇ ماڭا يېتەلـ. مەس، مەن بىلەن قىلىڭ! بىر ئۆمۈر پاراغەتلىك ماكانىمدا راھەتلىك ھايات كەچۈرگەيمىز، نېمە خالىسىڭىز ئالدىڭىز- دا شۇ ھازىر بولغاي.
ئول ھۆر - پەرى دەپتۇ:
— ئەي قورقۇنچاق بايقۇچچە، پاراغەتلىك ماكانىڭىزدا ئۆزىڭىز ياشىۋېلىڭ. ماڭا جۈپ بولغۇچى باتۇر يىگىتتۇر، سىزدەكلەر ماڭا بىكىرەكتۇر!
ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بوپتۇ. بايقۇچچە ئۇنى تۇتۇپ قالماق بولۇپ، چاكارلىرى بىلەن قوغلاپ بېقىپتۇ. لېكىن، ھېلىقى باتۇر يىگىتنىڭ كۈچ - ھەيۋە- سىدىن ئەندىكىپ زادىلا قول سوزالماپتۇ، كۆپ ئۆتمەي ئۇلار كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
بىر چاغلاردا يەنە 40 نۆكىرى بىلەن شىكارغا ماڭغان ھېلىقى شاھزادە يولۇقۇپتۇ، ئول گۇلرابا نازىنىنىنى كۆ- رۈپلا شاھزادە شۇنداق دەپتۇ:
— ئەي نادىرە، دەۋران دۆلىتىم كاتتىلىقتا ئالەمگە مەشھۇر، بۇ جەھەتتە ھېچبىر شاھ ماڭا يېتەلمەس، مەن بىلەن قىلىڭ! سەلتەنەتلىك ئوردامدا خانىشىم بولۇڭ! يەتتە ئىقلىمغا سوزسىڭىز قولىڭىز، قىچقارسىڭىز ئۈنىڭىز يېتەر، نېمە خالىسىڭىز شۇ ھازىر بولغاي!

— ئەي شاھزادە، سەلتەنەتلىك ئوردىڭىزدا بىر ئۆزى-ڭىز ياشىۋېلىڭ، ماڭا جۇپ بولغۇچى باتۇر يىگىتتۇر، سىزدەك قورقۇنچاقلار ماڭا بىكىرەك، — دەپتۇ ھۆر - پەرى.

ئۇ شۇنداق دەپلا يولىغا راۋان بوپتۇ، شاھزادە نۆكەر-لىرى بىلەن قوغلاپ تۇتۇۋالماقچى بولغانىكەن، يىگىت قى-لىچىنى يالىڭاچلاپ ئۇلارغا شىردەك تاشلىنىپتۇ. ئۇنىڭ كۈچ - ھەيۋىسى جاسارىتىدىن قويدەك ئۈركۈگەن شاھزادە بىلەن نۆكەرلىرى دەرھال كەينىگە يېنىپ، قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ.

يىگىت يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ، بىر چاغدا ئول ھۆر-پەرىدىن سوراپتۇ:

— ئەي گۈلرۇخسار، مەن ئۇچۇن كۆپ ئاۋارە بولدى-ڭىز، ماڭا يولنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆز يولىڭىزغا كې-تىۋېرىڭ!

ئول ھۆر - پەرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— كۆزلىگەن مەنزىلىڭىزگە يېتىپ كەلدىڭىز، ھېلى-قى كىچىك مەلىكە مانا مەندۇرمەن، ئەجدىھا بولسا مەۋجۇت ئەمەس، يولۇققان ئۇچىڭلاردىن بىر ئۆزىڭىزلا سىناقلى-رىمدىن ئۆتتىڭىز. مەرد - باھادىر ئىكەنسىز، ئەمدى خا-لىسىڭىز توي - مەرىكە ئۆينايسىز، مېنى ئەمرىڭىزگە ئال-غايسىز.

يىگىت خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ، ئاندىن ئۇلار بەخت ۋادىسىغا، ۋىسال دەرگاھىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

# يوقالماس بايلىق

ئۆتمۈش زاماندا، نامراتلىق دەستىدىن يۇرتىدا كۈن ئالالمىغان ئۈچ يىگىت سەپەرگە چىقماقچى، ياقا يۇرتلاردا ئىشلەپ، پۇل تېپىپ باي بولغاندا قايتماقچى بوپتۇ. ئۇلار-نىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى ئەخمەت، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى نۇرەخمەت، كىچىكىنىڭ ئىسمى نۇرمۇھەممەت ئىكەن. ئۇ-لار مەسلىھەتنى پىشقان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا يولغا چىقىپتۇ. كارۋانلارنىڭ ئىزى، يولۇچىلارنىڭ سۆزى بويىچە مېڭىۋې-رىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ بىر چاغدا ئۇلارغا بىر خۇرجۇن ئۇچراپتۇ. ئەخمەت بىلەن نۇرەخمەت جېنىنىڭ بارىچە يۈ-گۈرۈپ بېرىپ تەڭلا خۇرجۇنغا تاشلىنىپتۇ. ئۆزى كىچىك ۋە تېنى ئاجىز نۇرمۇھەممەت ئۇلاردىن كېيىن قاپتۇ. خۇر-جۇنغا تەڭ ئېسىلغان ئەخمەت بىلەن نۇرەخمەت ئۇنى ئىككى يانغا تارتىشىپ ئوتتۇرىدىن يىرتىۋاپتۇ. شۇ چاغدا خۇرجۇن-دىن بىر كىتاب چۈشۈپ قاپتۇ. ئەخمەت بىلەن نۇرەخمەت بۇ كىتابقا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئۇلار ياراتمىغان بۇ كىتابنى نۇرمۇھەممەت ئاپتو.

خۇرجۇننىڭ ئەخمەت يىرتىۋالغان تەرىپىدە تىللا، نۇ-رەخمەت يىرتىۋالغان تەرىپىدە يامبۇلار بار ئىكەن. ئۇ ئىك-

كىسى ئۆز رىزقىدىن رازى بولۇپ بەكمۇ سۆيۈنۈپ كېتى-
شىپتۇ. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭغا قانائەت قىلماستىن يەنە
داۋاملىق مېڭىپتۇ. ئاخىر ئۈچ ئاچا يولغا كەپتۇ. ئەخمەت
بىلەن نۇرەخمەت ئۆز بايلىقىنى نۇرمۇھەممەتتىن قىزغى-
نىپ ئۆزلىرى بىلەن بىر يولغا چۈشۈۋالمىسۇن دەپ ئەنسى-
رەپ ئۇنى ئۈچىنچى يولدا مېڭىشقا زورلىشىپتۇ.

ئەمدى بىز يېنىدا بىر تىيىن پۇلى يوق بىچارە نۇرمۇ-
ھەممەتكە ئەگىشەيلى: ئۇ ئۆزىگە قالغان كىتابنى ئېلىپ
يېرىم كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپتۇ. بىراق، مۇڭدىشىپ
بىللە ماڭغۇدەك بىرەر ھەمراھى بولمىغاچقا زېرىكىپ كى-
تابنى ۋاراقلاشقا باشلاپتۇ. ئوقۇغانسېرى قىزىقىپ قاپتۇ.
ئەسلى ئۇ تېبابەتچىلىك كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خاسىيىتى ۋە ئۇلار بىلەن ھەر خىل
كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى يېزىلغانىكەن. زېھنى
ئۆتكۈر نۇرمۇھەممەت ئوقۇغانلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ-
تۇ. قورسىقى ئاچسا ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ يەپ، ئۇسسىسا
ئېقىن سۇ ئىچىپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، شۇ تەرىقىدە نەچچە
كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. كىتابنى ئۈچىنچى قېتىم قايتا ئوقۇپ
تۈگىتەي دەپ قالغان بىر كۈنى دىققەتسىزلىكتىن تۈگۈلۈپ
ياتقان بىر يىلانغا دەسسىۋاپتۇ. مىجىلىپ ئۆلەي دەپ قال-
غان يىلان جان ئاچچىقىدا نۇرمۇھەممەتنىڭ پۇتىغا نەشتەر
ئۇرۇپتۇ - دە، جان بېرىپتۇ. نۇرمۇھەممەتمۇ ئاغرىققا
چىدىماي «ۋايجان» دەپ پۇتىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ قاپ-
تۇ. شۇ ھالەتتە نەچچە مىنۇت ئۆتۈپتۇ. پۇتى تېزىغىچە
كۆكىرىپ يىلان زەھىرى بەدىنىگە تاراشقا باشلاپتۇ. ئۇ

نېمە قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرغاندا كۆزى يەردە ياتقان كىتا-
بىغا چۈشۈپ، ئۆز ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئىشەنچىسى تۇغۇلۇپ-
تۇ. تەلىيىگە يېقىن ئارىدىكى زەيكەش لېۋىدە يىلان زەھ-
رىنى قايتۇرىدىغان خاسىيەتلىك گىياھ بار ئىكەن. نۇرمۇ-
ھەممەت چىشىنى چىشلەپ ئۆمىلەپ بېرىپ بۇ گىياھنى
يۇلۇپ ئېلىپ، چايناپ سۈيىنى يۇتۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن
پۇتىنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن يېرىنى تىلىپ قېنىنى ئېقى-
تىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆز جېنىنى ئۆزى قۇتۇلدۇرۇپ
قاپتۇ. كېچىسى كىتابنى ياستۇق، يەرنى سېلىنچا قىلىپ
تۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى زەھەر تولۇق يېنىپ سەللىمازا
ساقايغان ھالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. نۇرمۇھەممەت شۇ-
نىڭدىن كېيىن كىتابنى تېخىمۇ ئەستايىدىل بېرىلىپ ئو-
قۇپ، بىلىمىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپتۇ. ئاخىر بىر شە-
ھەرگە يېتىپتۇ، بۇ شەھەر ئىمارەتلىرىنىڭ ھەشەمەتلىكى،
كوچا بازارلىرىنىڭ قايناقلىقى بىلەن كىشىنى مەستانە قى-
لىدىكەن. بىراق، بۇ شەھەر خەلقى يۇقۇملۇق كېسەللىككە
دۇچ كېلىپ، تېۋىپلىرىنىڭ ئاز ۋە قابىلىيەتسىزلىكى تۈ-
پەيلىدىن كىشىلەرنىڭ بېشىغا ئۆلۈم ۋەھىمىسى سايە تاش-
لاپ، ھەممە كىشىنى غەم بېسىپ چىرايلىرى سولغانىكەن.
نۇرمۇھەممەت كېسەللىك ئالامەتلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندىن
كېيىن شەھەر سىرتىغا چىقىپ، تاغ - داللاردىن دورا
ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىپ بىمارلارنى داۋالاشقا باشلاپتۇ. ئۆ-
سۈملۈكلەردىن ھەر خىل دورىلارنى ياساپتۇ. بايلاردىن
تىللا، ئادەتتىكى كىشىلەردىن كۈمۈش تەڭگە، نامراتلاردىن
مىس يارماق ئېلىپ باي، كەمبەغەل، ئەمەلدار، پۇقرا،

قىرى - ياش نۇرغۇن بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىپ، داڭقى ھەر يانغا تاراپ، كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر پەتنۇس - پەتنۇس سوۋغىلار بىلەن كېلىپ بالىلىرىنى شاگىرتلىققا ئېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇمۇ «بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزگە ئەمەل قىلىپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر يىل ئۆتۈپتۇ. نۇرغۇن بىمارلارنى ساقايتىپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش كېسىلىنى ساقايتالماپتۇ. ئاخىر تاپقان پۇلىنى 10 خۇرجۇنغا قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ، ئۆزى بىرىنچىسىگە مىنىپ شاگىرتلىرى ۋە شەھەر ئەھلى بىلەن خوشلىشىپ، كىتابنى قوينىغا سېلىپ يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ ھېلىقى ئاچالغا كېلىپ توختاپتۇ. ھايال ئۆتمەي بىرىنچى يولدىن بىر ئېشەكنى مىنىپ، ئىككى ئېشەكنى يېتىلەپ بىر كىشى كەپتۇ. قارىسا ئۇ يۇرتتىن بىللە چىققان ئەخمەت ئىكەن. نۇرمۇھەممەت يۈگۈرۈپ ئالدىغا بېرىپتۇ. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ. شۇ چاغدا ئىككىنچى يولدىن بىر ئېشەكنى مىنىپ بىر ئېشەكنى يېتىلەپ نۇرەخمەت يېتىپ كەپتۇ. ئۇچەيلەن بىرھازا قىزغىن مۇڭدىشىپتۇ، ئاندىن نۇرمۇھەممەتنىڭ 10 خۇرجۇنلۇق پۇل بىلەن قايتقىنىغا ھەۋەسى كەلگەن ئەخمەت بىلەن نۇرەخمەت سوراپتۇ:

— ئاداش، يېنىڭدا بىر تىيىن يوق كېتىۋىدىڭ، بۇنچە كۆپ بايلىقنى قانداق تاپتىڭ؟

— بۇ مۇشۇ كىتابتىكى ئىلىمنىڭ خاسىيىتى، —

دەپتۇ نۇرمۇھەممەت،— بۇ كىتابنى ئوقۇپ تېببىي ئىلىم ئۆگىنىۋالدىم. بارغان يېرىمدە كېسەل داۋالاپ زور بايلىققا ئىگە بولدۇم.

— ھەي ئىستەي،— دەپتۇ ئەخمەت بىلەن نۇرەخمەت ھەسرەت چېكىپ،— ساۋاتسىزلىقىمىزدىن كىتابنىڭ، ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلمەپتۇق. شۇڭا، تاپقىنىمىزمۇ سېنىڭكىدىن ئاز بولدى.

ئۈچى بىرلىكتە يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. قويۇق بىر ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر توپ قاراقچىلار ئۇچراپ ئۇلارنى دۇمبالاپ تاپقان پۇل - ماللىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. بىراق، ھېلىقى كىتابنى ھېچكىم ئالماپتۇ. ئۈچەيلەن ھوشسىز، قانغا مىلىنىپ ياتسا بىر توپ كارۋان كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ ئۈچ كىشىنى ئېشەكلىرىگە ئارتىپ نۇرمۇھەممەت تېۋىپلىق قىلغان شەھەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. شەھەر خەلقى نۇرمۇھەممەتنى تونۇپ تېۋىپلارنى يىغىپ ئۇلارنى سەللىمازا ساقايتىپتۇ. نۇرمۇھەممەت شاگىرتلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇلار سوۋغا قىلغان ئوزۇقتۈلۈكلەرنى ئېلىپ، ئۈچ ئېشەككە مىنىپ يەنە يولغا چىقىپتۇ. تەلىيىگە بۇ قېتىم ئامان - ئېسەن يۇرتىغا بېرىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن يۇرت ئەھلى ئۇلارنى مازاق قىلىپ تازا كۈلۈپتۇ. بىراق، كۆپ ئۆتمەي بۇ ئىشىدىن خىجىل بولۇشۇپتۇ. چۈنكى، نۇرمۇھەممەت كىتابتىن ئۆگەنگەن ئىلمىگە تايىنىپ بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ. ئەخمەت بىلەن نۇرەخمەتمۇ بىر مەزگىل ئۇنىڭ سايىسىدا جان بې-

قىپتۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئىشلەش ئۈچۈن باشقا يۇرتلارغا كېتىپ ئىلىم ئۆگىنىپتۇ ۋە ئىلىمنىڭ خاسىيىتىدىن باياشات كۈن كۆچۈرۈپتۇ.

# نىلۇپەر قىز

بۇرۇنقى زاماندا، تارىم ئويمانلىقىدا كۆز يەتكۈسىز كەڭرى بىر سازلىق بار بولۇپ، ئۇنىڭ قوينى ئاق، قىزىل، شاپتۇل چېچەكلىك ۋە سېرىق رەڭلەردىكى گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن نىلۇپەرزارلىق ئىكەن. بۇ سازلىقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كۆرگەنلا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىكەن ۋە ئاق قۇ، ياۋا غاز، ئۆردەك، لەيلەك... قاتارلىق تۈرلۈك قۇشلارنىمۇ جەلپ قىلىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەممە گۈزەل نەرسىلەردىن سەسكىنىدىغان بەتبەشىرە قارا ئالۋاستى بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ - دە، ئوت پۈركۈپ سازلىقنى قۇرۇتۇپتۇ، نىلۇپەر گۈللىرىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىپتۇ. قۇشلارنى ھەر تەرەپكە توزۇتۇپ، بۇ يەرنى ئادەم تۇرغۇسىز بىر قاقاس جەزىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بىراق، بۇ پايانسىز جەزىرىدە بىر تال نىلۇپەر گۈلى يىلتىزىدىن قۇرۇماي ئامان قاپتۇ، نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇ ئاخىر بىخلىنىپ، جەزىرە قوينىدا زۇمرەتتەك يوپۇرماقلىرى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ كىشىنى ھەيرەتكە سالىدىغان چىرايلىق تۇسكە كىرىپتۇ، پىژغىرىم ئاپتاپ ۋە قۇرغاق

شامال ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، نابۇت قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، لېكىن ئۇ جاسارەت بىلەن ئۆسۈپ، مۆجىزىدەك ياشاپ قاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە قارامتۇل، چېھرىدىن ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرىدىغان، كېلىشكەن، بەستلىك قامىتىدىن كۈچ - قۇۋۋەت يېغىپ تۇرىدىغان بىر يىگىتنىڭ قەدەملىرى بۇ جەزىرىگە يېتىپتۇ. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۇنىڭ مادارىنى قۇرۇتقان بولسىمۇ، لېكىن جەزىرە قوينىدىن چىقىپ كې-تىشكە ئىنتىلىپ كېتىۋېتىپ، نىلۇپەر قېشىغا بېرىپ قاپ-تۇ.

«تووا» دەپتۇ ئۇ ئەجەبلىنىش تۇيغۇلىرىنى باسالماي، «سۇغا چىلىشىپ تۇرۇپ ياشايدىغان بۇ چىرايلىق گۈلنىڭ قاقاس جەزىرە باغرىدا ئۆسۈپ قالغىنى قانداق ئىش؟»

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ گۈل قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ ۋە تېخى غۇنچىلىمىغان گۈلگە قاراپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: «مۇشۇ گۈل چېغىدا قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقان جەزىرە قوينىدا مەن ماكانلىشىپ قالسام بولماسمۇ، بۇ سەرسانە بولۇپ يۈرگىنىمدىن كۆپ ياخشىراق».

شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۈلگە يېقىنلا يەردىن قولى بىلەن ئورەك كولاپتۇ، كولىغانسېرى يەرنىڭ نەملىكى ئېشىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇ تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ كولاپتۇ، كولاپتۇ، كەچ كىرگۈچە بويى بىلەن تەڭ كولاپ بوپتۇ. لېكىن، قوللىرى قاناپ، تىرناقلىرى يېرىلىپ كېتىپتۇ. شۇ ھالەتتە ھارغىنلىق يېتىپ گۈل تۈۋىدە يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

سەھەر مەزگىلى. سالقىن تاڭ شامىلى يۈزلىرىدىن سۆيۈپ ئۆتكەچ، ئۇ ئەندىكىپ ئويغىنىپتۇ - دە، نىلۇپەر ياپراقلىرىدىن مەرۋايىتتەك شەبنەم تامچىلىرىنىڭ قوللىرىغا ساقىپ چۈشۈۋاتقانلىقى، جاراھەتلىرىنىڭ شەبنەم تامچىلىرى تېگىشى بىلەنلا ساقىيىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ، بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قۇدۇق كولاشنى داۋام قىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي كولاۋاتقان يېرىدىن سۈپسۈزۈك شەربەتتەك سۇ سىرغىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. يىگىت كەڭ ئالىقانلىرىدا سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ نىلۇپەر تۈۋىگە تۆكۈپتۇ. قورۇلغان نىلۇپەر ياپراقلىرى يېيىلىپ ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتقاندەك ئىرغاڭشىپ قويۇپتۇ.

يىگىت ئەمدى كەينىگە ئۆرۈلگەنىكەن، پاھ! كارامەت ئىش. نېمە ئىش دېمەمسىز؟ قۇدۇقنىڭ لىپمۇلىق سۈزۈك سۇغا تولۇپ، يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ.

يىگىت بۇنىڭدىن چەكسىز شادلىققا چۆمۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە سۇنى ئۇنچە - مارجان قىلىپ چېچىپتۇ، قانغۇچە ئىچىپتۇ، ئاندىن نىلۇپەر گۈلىنىمۇ قاندۇرۇپ سۇغىرىپتۇ.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئۇ يەنە ئويغا چۆكۈپتۇ: «سۇلا بولغان بىلەن ياشغىلى بولمايدۇ - دە، چوقۇم قورساقنىڭ غېمىنى قىلىشىم كېرەك».

شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا بۇ يەردىن ئايرىلىپتۇ، كەلگەن يولى بىلەن مېڭىپ كەچ

كىرگەندە بىر چەت يېزىغا يېتىپتۇ. تۈننى بىر رەھىمدىل
كىشىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى يېزىدىكىلەرنىڭ
ئىشلىرىغا ياردەملىشىپتۇ. ئىشچانلىقى ۋە كۈچ - قۇۋۋەت-
لىكلىكى بىلەن بىر جېنىدا 10 كىشىلىك ئىشلەپ، ئۈچ
كۈندە ئۈچ ئايلىق يېمەكلىك سېتىۋالغۇدەك پۇل تېپىپتۇ.
پۇلىغا بىر كەتمەن بىلەن بىرئاز ئۇرۇقلۇق، قالغىنىغا
يېمەكلىك سېتىۋېلىپ نۇرغۇن دەشت - باياۋانلارنى كې-
زىپ، ئاخىر نىلۇپەر قېشىغا يېتىپتۇ. بۇ چاغدا نىلۇپەر
ئەتراپى بىر تېيىز كۆلچەككە ئايلانغان بولۇپ بىرنەچچە ياۋا
غازمۇ ماكانلاپ ئۈلگۈرگەنىكەن.

يىگىت كېلىپلا ئەتىسى كۆلگە يېقىن يەرنىڭ توپىسى-
نى يۇمشىتىپ ئۇرۇق سېلىپ سۇغىرىپتۇ. نەچچە كۈنلەر
ئۆتۈپ، يېشىل مايسىلار باش كۆتۈرۈپتۇ. گويا جەزىرە
قوينىغا سېلىنغان يېشىل گىلەمدەك كۆركەم مەنزىرە ھا-
سىل قىپتۇ، يىگىت بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ.

بۇ كۈنلەردە نىلۇپەر گۈلى تېخىمۇ تېز ئايىنىپ شاپتۇل
چېچىكى رەڭلىك ياقۇتسىمان غۇنچە چىقىرىپتۇ. بۇ غۇنچە
تۈن قوينىدا گويا زىننەت چىرىغىدەك نۇرلىنىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، زىرائەتلەر غۇچچىدە باشاقلاپتۇ،
كۆلچەك بويىدا شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن شاخ - شۇمبىلاردا
يېپىلغان بىر كەپىمۇ قەد كۆتۈرۈپتۇ، كۆل يۈزىدىكى غاز
ئائىلىسىگە بىرنەچچە چۈجە غاز ۋە بىرنەچچە لەيلەك، ياۋا
ئۆردەكلەرمۇ قوشۇلۇپتۇ. يىگىت ئۇلارغا ھەرگىز چېقىل-
مايدىكەن. ئۇلارمۇ ئەتىگىنى يىراقلارغا بېرىپ يېمەكلىك
تېپىپ يەپ، كەچلىرى بۇ تىنچ ماكانغا قايتىپ كېلىدى-

كەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاشۇنداق تىنچ ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا نىلۇپەر ياپراقلىرى كۆپىيىپ، قومۇش يەلپۈگۈچتەك چوڭىيىپتۇ، بىراق غۇنچىسى ئېچىلماپتۇ. نېمىشقىدۇر بۇ غۇنچە يوغىناپ تۇخۇمدەك بولغاندىمۇ ئېچىلماپتۇ. مۇشتۇمدەك بولغاندىمۇ ئېچىلماپتۇ. يىگىت بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلماپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىگىتنىڭ جاپالىق مېهنەت قىلىپ تېرىغان، پەرۋىش قىلغان بۇغدايلىرى پىشىپ دانلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بىرنەچچە قۇشقاچ - تورغايلارنىمۇ جەلپ قىپتۇ. يىگىت هوسۇلنى قانداق يىغىۋېلىشنى بىلمەي قاپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى ئەتىگىنى ئۇ ئويغىنىپلا كەپىنىڭ بۇلۇڭىدا يېشىل پالاس ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان بۇغداي يارمىسىنى كۆرۈپتۇ ۋە بۇنىڭدىن بەكمۇ هەيران قاپتۇ. سىرتقا چىقىپ قاراپتۇ، لېكىن ئۆزىدىن باشقا ئادەمزاتنىڭ ئىزىنىمۇ كۆرمەپتۇ. پەقەت كۆلچەك يۈزىدە بىر تال يوپۇرمىقى كېمىيىپ قالغان نىلۇپەر تاڭ شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان، ياۋا غاز - ئۆردەكلەرنىڭ چۇجىلىرى قوغلىشىپ يۈرۈشكەن. ئېتىزدا بولسا قۇشقاچ - تورغايلارنىڭ يېيىشىگە قالدۇرۇلغان دان ۋە ئۇن نەچچە تۇپ باشاقتىن باشقا هېچنېمە قالمىغانىكەن.

يىگىت بۇ ئاجايىباتنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تۇرغاندا قۇشقاچ - تورغايلار چۇرۇقلىشىپ ئۇچۇپ كەپتۇ. هەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىشلەپ كەلگەن ئاق، سېرىق قوناق دانلىرىنى تاشلىشىپتۇ.

«مۇشۇ جانىۋارلارنىڭ قىلغان ئىشىمىدۇيا» دەپتۇ يېگىت ئۆز - ئۆزىگە، بىراق ئويلىنىپ كۆرۈپ، «بۇلارنىڭ قولىدىن مۇنداق ئىش كەلمەيدۇ» دەپتۇ يەنە.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ چىگىش سىرنى ئويلاشتىن كېچىپ، ئېتىزدىكى ۋە باشاقلاردىكى داننى بىر يانغا تېرىپ چېچىۋېتىپ، ئېتىزنى يەنە چاناپ تۇپرىقىنى يۇمشىتىپ، قوناق دانلىرىنى تېرىپتۇ، سۇغىرىپتۇ، كۈننى شۇنداق كەچ قىلىپ، قالغان ئاخىرقى بىر نېنى بىلەن قورساق تويدۇرۇپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. سەھەردە ئويغىنىپ كۆرگەنلىرىدىن تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېشىل ئەدىيال يېپىلغان، قېشىدا بىر يېشىل كۆرپە، يېشىل ياستۇق ۋە يەنە بىر يېشىل پالاس تۇرغان، ئىشىككە يېشىل مەلەڭزە تارتىلغان، تېخى بىرنەچچە بۇغداي يارمىسى كۆمىچمۇ بىر تاش ئۇستىدە تۇرۇپتۇ.

يىگىت ئەجەبلىنىشىنى باسالماي: — بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟ — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ. لېكىن، ھېچبىر جاۋاب بولماپتۇ. سىرتقا چىقىپ قارىسا بىر جۈپ ياپرىقىلا قالغان، غۇنچىسى قوش مۇشتتەك بولغان نېلۇپەر تاڭ شامىلىدا لىڭشىپ تۇرغان، بىرنەچچە ياۋا غاز - ئۆردەك چۈجىلىرى كۆل يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرگەن، بىر لەيلەك كۆل بويىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان، قۇشقاچ - تورغايلار دان تالىشىپ چۇۋۇرلىشىپ يۈرگەن.

يىگىت ھەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىدىن باشقا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەپتۇ.

«ماڭا ياردەم قىلغان كىمدۇ؟» دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزى-

گە. كۈن بويى شۇ سوئال كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپتۇ. لې-
كىن، جاۋاب تاپالماپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا يەنە
كەپە ئىچىنىڭ تازىلانغىنىنى، بىرنەچچە كۆمەچ نانىنىڭمۇ
تەييارلاپ قويۇلغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئالدىراپ سىرتقا چىققى-
نىدا يەنىلا كۈندىكى بىر خىل مەنزىرىنى كۆرۈپتۇ.

«خەپ! كىچىچە ئۇخلىماي بۇ سىرنى يەشمىسەم»
دەپتۇ يىگىت. بىراق، كەچلىك تامىقىنى يەپلا پايلاپ ئول-
تۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىگىنى يەنە ئۈستىگە
يېشىل ئەديال يېپىلغان ھالەتتە ئويغىنىپتۇ، شۇنداق قى-
لىپ، سىرمۇ يېشىلمەپتۇ.

لەيلەكلەر چۈجە چىقىرىپ چوڭ قىپتۇ، ياۋا غاز -
ئۆردەك چۈجىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ ئۇچقۇدەك بوپتۇ، قوناق-
لار تېز ئۆسۈپ ئادەم بويىغا تەڭلىشىپتۇ ۋە ھەر شېخىدا
يەتتە - سەككىزدىن باش چىقىرىپتۇ، لېكىن سىر يېشىل-
مەپتۇ، نىلۇپەر غۇنچىسىمۇ ئېچىلماپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى يىگىت ئۆيدە تۇرۇپ
سىرتتا بىرىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازدا:

— ئۇچۇڭلار، ئۇچۇڭلار، يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىڭ-
لار، بولمىسا ھېلىلا بىر ئاپەتكە يولۇقىسىلەر، تېز بولۇڭ-
لار، — دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپتۇ.

سىرتقا چىقىپ قارىسا ھېچكىم يوق، پەقەت ياۋا غاز-
ئۆردەكلەر چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇچۇشقا تەييارلىنى-
ۋاتقان، لەيلەكلەر تېخى ئۇچۇرما بولمىغان بالىلىرىنى
قانداق ئەكېتىشنى بىلەلمەي تېپىرلاپ تۇرغان، قۇشقاچ -
تورغايلار قالايمىقان چۇۋۇرلىشىپ يۈرگەنىكەن.

شۇ چاغ يىگىت نىلۇپەر غۇنچىسىدىن:

— لەيلەكلەر، بالىلىرىڭلارنى چاڭگىلىڭلاردا كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىڭلار، — دېگەن سادا كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپتۇ.

— ھە، نىلۇپەر غۇنچىسى سۆزلەۋاتىدىغۇ، — دەپتۇ تەئەججۇپلىنىپ.

— شۇنداق، — دېگەن سادا كەپتۇ نىلۇپەردىن، — تېز بولۇڭ، سىزمۇ بۇ يەردىن كېتىڭ، قارا ئالۋاستى ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا يىگىت مەشرىق ئاسمىنىنى قارايتىپ كېلىۋاتقان بىر قارا قۇيۇننى كۆرۈپتۇ، ياۋا غاز - ئۆردەك، لەيلەكلەر ۋە قۇشقاچ - تورغايلار مەغرىب تامان ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بۇ يەردە نىلۇپەر بىلەن يىگىتلا قاپتۇ.

كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەيدىغان بولدىڭىز، — دېگەن سادا كەپتۇ نىلۇپەر غۇنچىسىدىن، — ئىككى ياپرىقىمنى ئۈزۈۋېلىڭ، تېز بولۇڭ، ئۈزۈپلا نېرى كېتىڭ.

يىگىت ئۇنىڭ بىر جۈپ ياپرىقىنى ئۈزۈپلا نېرىراق بېرىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، شۇ چاغ قارا قۇيۇنمۇ جەزىرە تۈپرىقىنى بىر غېرىچ قېزىپ توپا توزۇتۇپ، دەھشەت بىلەن گۈرۈلدەپ يېتىپ كەپتۇ. بىر جۈپ نىلۇپەر ياپرىقى قورۇلۇپلا يېشىل گۈمبەزگە ئايلىنىپ يىگىتنى ئۆز قوينىغا ئاپتۇ. يىگىت زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەپتۇ.

بىر چاغلاردا بىر جۈپ نىلۇپەر ياپرىقى ئېچىلىپ، يىگىت ئۆزىنى بىلىگچە توپىغا كۆمۈلۈپ قالغان ھالەتتە

كۆرۈپتۇ. تويدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ دەسلەپ كەلگەن چېغىدىكى جەزىرە سىياقىنى كۆرۈپتۇ، ئۆزىنىڭ كىچىك بوستانلىقىدىن ئىزمۇ قالماپتۇ.

يۈرەك ـ باغرى غەزەپ ئوتىدا ئۆرتەنگەن يىگىت مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپتۇ ـ دە:

«بۇ قارا ئالۋاستى دېگەن ئاپەتنى يەر ـ قاتمىغۇچە تىنىم تاپمايمەن» دەپ قەسەم قىپتۇ.

يىگىت شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تال نېلۇپەر بەرگى ئۇچۇپ كەپتۇ، يىگىت نېلۇپەر غۇنچىسىنى ئەسلەپ گۈل بەرگىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرۈتۈپتۇ، بىراقھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ، نېلۇپەر گۈلى ئۆسكەن يەرنى مۆلچەرلەپ قېزىپ باقماقچى بولغانىكەن.

— توختاڭ! — دېگەن سادا كەپتۇ گۈل بەرگىدىن، — قارا ئالۋاستى ئەۋەتكەن قارا قۇيۇن ھەممىنى ۋەيران قىلىپ، نېلۇپەر قىزنىمۇ بۇلاپ كەتتى.

— نېلۇپەر قىز دېگەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت، — ئۇ ھازىر قەيەردە؟

نېلۇپەر قىز ھېلىقى نېلۇپەرگۈلى. ئۇ سىزنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىڭىز ۋە جەزىرە قوينىدا بوستانلىق بىنا قىلغىنىڭىز ئۈچۈن قىزغا ئۆزگىرىپ خىزمىتىڭىزدە بولغان. ئەمدى ئۇنى قارا قۇيۇن قارا ئالۋاستىنىڭ ماكانىغا ئېلىپ قاچتى، — دېگەن سادا كەپتۇ گۈل بەرگىدىن.

— مەن ئۇنى قۇتقۇزىمەن، — دەپتۇ يىگىت قەتئىيلىك بىلەن، — ئالۋاستىنىمۇ يوقىتىپ، بۇ ئاپەتنى تۈگىتىمەن.

— بىر جۈپ ياپراقنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ گۈل

بەرگى، — ياراغ بولىدۇ، ئاندىن مەشرىق تەرەپكە مېڭىڭ.
يىگىت بىر جۈپ ياپراقنى ئاپتۇ، بىرى يېشىل قالقان-
غا، يەنە بىرى كەڭ تىغلىق يېشىل قىلىچقا ئايلىنىپتۇ.
يىگىت بۇلارنى كۆتۈرۈپ، گۈل بەرگىنى قوينىغا سېلىپ
يولغا ئاتلىنىپتۇ.
مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، چۆل - جەزىرە چېتىگىمۇ يېتىپ-
تۇ. لېكىن، ئالۋاستىنىڭ ماكانىدىن ئىز - دېرەك بولماپ-
تۇ.
— يەنە مېڭىڭ، يەنە مېڭىڭ، — دەپ چۇرۇلدىشىپتۇ
كۆكتە بىر توپ قۇشقاچ پەيدا بولۇپ.
يىگىت داۋاملىق ئىلگىرىلەپتۇ، قۇشقاچلار ئۇستىدە
ئۇچۇپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يەنە بىر جەزىرىگە يېتىپ-
تۇ، بىراق ئالۋاستىنىڭ ماكانىدىن دېرەك بولماپتۇ.
— يەنە مېڭىڭ، يەنە مېڭىڭ، — دەپ چۇرۇلدىشىپتۇ
كۆكتە يەنە بىر توپ تورغايلار ھازىر بولۇپ.
يىگىت يەنە مېڭىۋېرىپتۇ، قۇشقاچ - تورغايلارمۇ ئە-
گىشىپ ئۇچۇۋېرىپتۇ، كېتىۋېتىپ بىر كۇچۇككە ئۇچراپ-
تۇ، ئۇ كۇچۇك ھالسىزلىنىپ ماڭالماي قالغانىكەن.
يىگىت ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېلىپ يولىنى داۋام قىپتۇ،
شۇنداق قىلىپ، بىر قارا تاشلىق تاغ باغرىغا يېتىپتۇ.
— يېتىپ كەپتۇق، — دېگەن سادا كەپتۇ يىگىتنىڭ
قوينىدىكى گۈل بەرگىدىن.
شۇ ھامان تاغ باغرىدىكى بىر كاماردىن دەھشەتلىك
قارا قۇيۇن غارقىراپ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. قۇشقاچ - تورغاي-
لار تاراپ كېتىپ، يىگىت بىلەن كۇچۇكلا قاپتۇ. يىگىت

قالقان بىلەن ئۆزىنى دالدا قىلىپ، قىلىچنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغانىكەن، بىسى قۇيۇنغا توغرىلىنىپ تۇرغان قىلىچ قانغا بويىلىپ قۇيۇن غايىب بوپتۇ، يەردە يارىلانغان بىر چوڭ قارا يىلان سۇنايلىنىپ يېتىپ قاپتۇ.

يىگىت ماڭماقچى بولغانىكەن، يىلاننىڭ ھەر يارتىسى بىر پۈتۈن يىلانغا ئايلىنىپ يىگىتكە ھۇجۇم قىپتۇ. يىگىت قىلىچنى ئوينىتىپ يىلانلارنى چېپىپتۇ، كىچىك يىلانلار-نىڭ قۇيرۇقىنى تالاپتۇ، شۇ ھالەتتە يىگىت يىلانلارنى چېپىپ پارىلاپ، قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ. قۇشقاچ - تورغايلار ئۇچۇپ كېلىپ، يىلاننىڭ قىيمىلانغان گۆشلىرى-نى تېرىپ يېۋېتىپتۇ. قالغان بىرنەچچە چوڭراق پارچىسى قايتا يىلانغا ئۆزگىرىپ يىگىتكە ئېتىلغانىكەن، يىگىت قى-لىچ بىلەن بۇلارنىمۇ چېپىپ پارىلاپتۇ، كىچىك يىلان پارچىلىرىنى قويماي يېۋېتىپتۇ.

يىگىت ھېلىقى قۇيۇن چىققان كامارنى چوڭايتقانى-كەن، كامار ئىچىدە بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ، ئۆي ئىچىگە كىرىپ قارىسا تۆمۈر قەپەس ئىچىدە ئولتۇرغان سۇمبۇل چاچلىق، زىلۋا بويلۇق، پۈتۈن بويىدىن خۇش پۇراق نېلۇ-پەر ھىدى تارايدىغان، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك لىباس ۋە يېشىل كەش كىيگەن ئاجايىپ ساھىبجامال بىر ھۆر - پەرىنى كۆرۈپتۇيۇ، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ئەسىر بولۇپ ھوشىنى يوقىتىپتۇ.

— مەرھابا،-- دەپتۇ قىز كۈلۈمسىرەپ،— قۇتلۇق قەدەملىرىڭىزگە تەشەككۈر.

يىگىت شۇ چاغدىلا ھوشىنى تېپىپ قىلىچى بىلەن

بىرلا چېپىپ قەپەسنىڭ چويۇن قۇلۇپىنى چېقىپ پەرى قىزنى قەپەستىن چىقىرىپتۇ.

— ئەي ھۆر - پەرى قىز، — دەپتۇ يىگىت ھاياجان بىلەن، — ئەمدى جەزىرىدە يېشىلمىگەن سىر - تۈگۈنلەرنى يەنە ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن يېشىپ بەرسىڭىز.

مەن نىلۇپەر گۈلى، — دەپتۇ قىز غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن خۇش پۇراقلار تۆكۈپ، — سىزنىڭ قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىرىپ بوستانلىق بەرپا قىلغىنىڭىز ۋە ماڭا ياخشى ئۆ-سۈش شارائىتى ھازىرلاپ بەرگىنىڭىزگە تەشەككۇر ئېيىتىش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ھىممىتى بىلەن ئىنسان سىياقىغا كىرىپ خىزمىتىڭىزدە بولدۇم. قالغان ئىشلار ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئەمدى ماڭا ئىسمىڭىزنى ۋە ئەسل - ۋەسلىڭىزنى بايان قىلىپ بەرگەيسىز.

— ئىسمىم ئابدۇغېنى، — دەپتۇ يىگىت، — ئەسلىمنى سورىسىڭىز دېھقان ئوغلىمەن، يۇرتۇمدا قۇرغاق-چىلىق ئاپىتى بولۇپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدۇق. سەرساند-لىق تۇرمۇشىغا قەدەم قويدۇم. يول ئۈستىدە ئېزىپ، بۇ چۆل - جەزىرىگە كىرىپ قالدىم، ئاندىن سىزگە يولۇقتۇم.

— ئەمدى جاسارەت كەمىرىڭىزنى يەنە بىر چىڭد-تىڭ، — دەپتۇ نىلۇپەر قىز.

— بىز قارا يىلاننىڭ بوۋىسى قارا ئالۋاستىنى يوقىتايلى، بولمىسا بىزگە يەنە ئاراملىق يوق، ئۇ ھامان قارا يىلان ئۈچۈن قىساس ئالغىلى كېلىپ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئەلگە ئاپەت سالىدۇ.

— شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ ئابدۇغېنى، — ئەل

ئۇچۇن ھەم ئۆزىمىز ئۇچۇن بۇ بالايىئاپەتنى يوق قىلايلى، بىراق ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغىنىنى بىلمەيمىز - دە.

— مایاقتا، مایاقتا، — دەپ غاقىلداپتۇ شۇ چاغ كۆك-تە بىر توپ ياۋا غاز پەيدا بولۇپ.

ئابدۇغېنى نېلۇپەرقىز بىلەن شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ. كۇچۇك، تورغاي - قۇشقاچلار ئەگىشىپتۇ. ياۋا غازلار يول باشلاپتۇ، قارا تاشلىق تاغدىن ھالقىپ توختاپتۇ.

شۇ چاغ يەنە:

— مایاقتا، مایاقتا، — دەپ غاقىلداپتۇ بىر توپ ياۋا ئۆردەك كۆكتە ھازىر بولۇپ.

كۆپچىلىك يەنە شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇلار ئېگىز بىر قارا تاغ باغرىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزى بىر غۇلاچ، ساقىلى يەتتە غۇلاچ بەتبەشىرە قارا ئالۋاستى پەيدا بوپتۇ - دە، قولىدىكى سېھىرگەرلىك قىلى-دىغان قارا گۇلىنى شىلتىماق بولغانىكەن، كۆك ئاسمان-دىن بىر ئاق لەيلەك چاقماقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ گۇلنى چىشلەپ ئېلىپ قېچىپتۇ. قارا ئالۋاستى ئاچچىقتىن بوغۇ-لۇپ، كالاچتەك ئاغزىدىن قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرىنى پۈركۈپتۇ، لەيلەك گۇلنى ئوتقا تاشلاپ قېچىپتۇ. قاراگۇل كۆيۈپ كۇل بوپتۇ. قارا ئالۋاستى:

— خەپ توختا! — دەپ ھۆركىرىگىنىچە ئابدۇغېنى ۋە نېلۇپەر قىزلارغا قارىتىپ ئوت پۈركۈپتۇ. بىراق، قالقان ئوتنى توسۇپ قاپتۇ.

پۈركۈگەن ئوتى كارغا كەلمىگەن ئالۋاستى دەھشەت-لىك بىر قۇيۇنغان ئايلىنىپتۇ - دە، ئۇلارنىڭ يۈزىگە

ئۆرۈلۈپتۇ. ئابدۇغېنىنىڭ كۆزلىرىگە توپا تىقىلىپ، ھېچ ئىش قىلالماپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان نىلۇپەر قىز چاق-قانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچنى ئېلىپ قويۇنغا قارىتىپ چېپىپتۇ. يەردە كېسىلگەن بىر تۇتام ئات قىلى-دەك ساقال قېلىپ، ئالۋاستى ئەكسىگە يېنىپتۇ-دە، بىر تال ساقىلىنى نەيزە قىلىپ نىلۇپەر قىزغا ھۇجۇم قىپتۇ. نىلۇپەر قىز قىلىچ بىلەن تاقابىل تۇرۇپ جان تىكىپ ئېلىشىپتۇ. بىراق، ئالۋاستى ئۇزۇن ساقاللىرى بىلەن ئۇنى چىرمىۋېلىپ، قويۇنغا ئايلىنىپلا كۆزدىن غايىب بوپ-تۇ. يەردە يېشىل قىلىچلا قاپتۇ.

ئابدۇغېنى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، چاڭ-توزانلارنى چىقىرىۋېتىپ قارىسا نىلۇپەر قىزمۇ، ئالۋاستىمۇ يوق تۇر-غان.

«ئاھ! نىلۇپەرقىز، قېنى سىز؟» دەپ تووۋلىغىنىچە ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ، لېكىن ھېچبىر جاۋاب بولماپتۇ. شۇ چاغ كۆكتىكى قۇشلار:

— مايافتا، مايافتا، — دەپ چۇقان كۆتۈرگىنىچە سول تەرەپكە ئۇچۇپتۇ، ئابدۇغېنى شۇ تەرەپكە مېڭىپ، بىر قاراقۇم دۆۋىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۆپ ئاغزىدەك بىر كامار ئالدىدا توختاپتۇ، كاماردىن شۇ ھامان قارا قويۇن غۇرقىراپ چىقىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپتۇ. ئابدۇ-غېنى چاققانلىق بىلەن قالقاننى يۈزىگە دالدا قىلىپ، قو-يۇنغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ، يەردە كېسىلگەن بىر تۇتام قارا ساقال قېلىپ، ئالۋاستى يەنە ئەسلىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەھشەتلىك جەڭ باشلىنىپتۇ، شۇ پۇرسەتتە كۆچۈك

كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئابدۇغېنى ئېلىشۋېتىپ ئالۋاستىنىڭ ساقىلىغا دەس-سەپ، نەيزىسىنى تۇتۇۋاپتۇ - دە، قېچىشقا ئىمكان بەرمەي قىلىچ ئۇرۇپ، قاق بېلىدىن ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. ئارقىدىن يەنە چاناپ قىيمىلاپ تاشلاپتۇ، ئالۋاستىنىڭ گۆش پارچە-لىرى ھەريان چېچىلىپتۇ، ساقىلىمۇ كېسىلىپ شامالدا ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ياۋا غاز، ئۆردەك، لەيلەك، قۇشقاچ، تورغايلار يەرگە چۈشۈپ گۆش پارچىلىرىنى تېرىپ يېيىۋې-تىپتۇ، پەقەت بىر تۆشۈككە كىرىپ قالغان گۆش پارچە-سىلا قېپقىلىپ، كۆپ ئۆتمەي ئالۋاستىغا ئايلىنىپتۇ. لې-كىن، ئۇنىڭ بويى بىر غېرىچ، ساقىلى يەتتە غېرىچ كېلى-دىكەن، سېھرى، كۈچ - قۇدرىتىمۇ يوقالغانىكەن.

ئابدۇغېنى ئۇنىمۇ چاناپ تاشلىماق بولغانىكەن، ئال-ۋاستى تىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئەي مەرد يىگىت، ماڭا رەھىم قىلغىن، كىچىك-كىنە جېنىم قالدى، ساڭا ھېچ زەرەرىم يەتمەس، بەلكى ياخشىلىق كەلتۈرگەيمەن.

— ماڭا نېمە ياخشىلىق كەلتۈرەر ئىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئابدۇغېنى بوشىشىپ.

مەن تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايمەن، خالىساڭ كەي-نىڭدىكى ئاۋۇ تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرەي، — دەپتۇ ئالۋاستى.

— قېنى كۆرەي، — دەپتۇ ئابدۇغېنى، — ئەگەر تاش-نى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرەلىسەڭ ئالتۇننى ۋە نېلۇپەر قىزنى ئېلىپ يولۇمغا كېتىمەن، جېنىڭ ئامان قالىدۇ.

— قېنى قاراپ تۇر، — دېگىنىچە تاشقا تۇكۇرۇپتۇ ئالۋاستى، تاش ۋالىلداپ تۇرغان ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ. ئابـدۇغېنىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ.

— قېنى ئۇنى كۆتۈرۈپ باق، — دەپتۇ ئالۋاستى، — كۆتۈرەلىسەڭ يەنە باشقا تاشلارنىمۇ ئالتۇنغا ئايلاندۇرىمەن.

ئابدۇغېنى قىلىچ، قالقاننى تاشلاپ، قازاندەك چوڭ ئالتۇن تاشنى كۆتۈرمەك بولغانىكەن، شۇ پۇرسەتتە ئالـۋاستى ئېتىلىپ كېلىپ بوينىغا مىنىۋاپتۇ. ساقاللىرى بولسا ھەر تېلى بىر قىل ئارغامچىغا ئايلىنىپ يىگىتنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلىۋاپتۇ.

ئالۋاستى قاقاقلاپ:

— ئەي ئەخمەق، — دەپتۇ ئۇنىڭغا، — نەپسىڭ كەينىـگە كىرىپ دۈشمىنىڭگە رەھىم قىلغانىڭ جازاسىنى كۆر.

ئابدۇغېنى ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئارغامچىلارنى ئۈزەلـمەپتۇ، بەلكى ئۆزىنى كۈچ - قۇدرەتسىز ھېس قىپتۇ - دە:

— ئەي ئالۋاستى، بايا شۇنداق قۇدرەتلىك ئىدىمكى، ئارغامچا ئەمەس، تۆمۈر زەنجىرنىمۇ ئۈزۈپ تاشلار ئىدىم، ئەمدى سېنىڭ بىر تال ساقىلىڭنىمۇ ئۈزۈشكە مادارىم يەتمىدى. نېمە سېھىر - جادۇ ئىشلەتتىڭ؟ — دەپتۇ ئالـۋاستىغا.

— ئەي ھاماقەت، — دەپتۇ ئالۋاستى خىرىلداپ، — ئىلگىرى «ئەل ئۈچۈن ۋە ئۆزۈم ئۈچۈن ئاپەتنى يوقىتىـمەن» دەپ ئىلىشقانىدىڭ، قەتئىي ئىرادەڭ ۋە ئۈچمەنلىك ساڭا جاسارەت بېغىشلىغان. كۈچ - قۇۋۋەتتە تەڭداشسىز

ئىدىڭ. كېيىن نەپسى بالاسى ئىرادەڭنى سۇندۇردى، ئۆچ-مەنلىكنى يوق قىلدى، غەيرەت - جاسارىتىڭدىن ئەسەر قالمىدى، شۇڭا ئالدىمدا بىچارە بولدۇڭ، كۆرۈۋاتمەنكى، ئەسلىي بىر تال قىلدىنلا ئىبارەت ئارغامچىلارنىمۇ ئۈزەل-مىدىڭ، ئەمدى سېنى قەتلى قىلىمەن. نىلۇپەرقىزمۇ مې-نىڭ بولىدۇ، بۇرۇنقىدەك خالىغىنىمنى قىلىپ ئۆتىمەن. سەن پۇشايمان دەرياسىدا ئاخىرەتكە ئېقىپ كېتىۋەر...

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپ كەينىدە:

— خام خىيال قىلما، — دېگەن سادا جاراڭلاپتۇ، ئۆرۈلۈپ قاراپ بولغۇچە بوينىغا قىلىچ چۈشۈپ بېشى كې-سىلىپ، بېشى بىر يانغا، تېنى بىر يانغا تاشلىنىپتۇ، تېنى كۈچۈككە يەم بوپتۇ، بېشى ئابدۇغېنىنىڭ ئاياغ ئاستىدا مىجىلىپتۇ.

شۇ چاغ خىجىللىق تەپتىدە يۈزلىرى شەلپەردەك قى-زارغان ئابدۇغېنى نىلۇپەرقىزغا:

— بەكمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلدىم. ۋاقتىدا ئۇلگۇرۈپ كېلىپ مېنى قۇتقۇزدىڭىز، رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ تە-شەككۈر ئېيتىپ.

— خۇداغا شۇكرى، ئۇنى يوق قىلدۇق، ئەمدى بېشى-نى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتەيلى، بولمىسا يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپتۇ نىلۇپەرقىز.

ئابدۇغېنى دەرھال چاۋار - چاتقاللارنى تېرىپ كېلىپ دۆۋىلەپتۇ. ئۈستىگە تېخى هازىرلا مىجىلغان يەرلىرى تو-زىلىپ تۇرغان ئالۋاستى بېشىنى ناله - زارىغا قۇلاق سالماي تاشلاپتۇ - دە، ئالۋاستى ئوت پۇركۈگەندە كۆيۈپ چوغ

بولغان بىر تال قۇرۇق - قاقشال بۇلۇپ قالغان دەرەخ شېخىنى ئەكىلىپ قومۇش - يانتاق دۆۋىسىگە قويۇپتۇ، پۈۋلەپ ئوت تۇتاشتۇرۇپتۇ، ئالۋاستىنىڭ بېشى ئوت يال-قۇنلىرى ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بوپتۇ. كۈلىنى شامال ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇغېنى سوراپتۇ:

— سىز كاماردىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقتىڭىز؟ ئال-ۋاستى سىزنى باغلىماپمىدى؟

— مېنى كۈچۈك كىرىپ باغلاقتىن بوشاتتى، — دەپتۇ نېلۇپەرقىز، — ئەمدى بۇ يەردىن كېتەيلى، ئەجر-ىمىزدىن يېڭى بوستانلىق بەرپا قىلايلى.

ئابدۇغېنى ماقۇل بولۇپ كەينىگە يېنىپتۇ، كۆرۈپتۇ-كى، ئالۋاستى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغان تاش يەنىلا بۇرۇنقى قارا تاش ئىسكەتىدە تۇرغان، ئۈستىگە ئالۋاستىنىڭ قان-يىرىڭلىق تۈكۈرۈكى چاپلىشىپ قالغان.

ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆكۈنمەپتۇ، بەلكى مېھنەتسىز باي-لىقنىڭ ھەقىقىي قىممىتى يوقلۇقىنى ھېس قىپتۇ - دە، نېلۇپەرقىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھېلىقى چۆل - جەزىرىگە بېرىپتۇ، قۇدۇق كولاپ، يەر ئېچىپ، يېڭى بوستانلىق بىنا قىپتۇ، ھالال مېھنەتنىڭ مېغىزىنى تېتىپ، بەختلىك ھايات پەيزىنى سۈرۈپ، شۇ يەردە ياشاپ قاپتۇ.

# قار مەلىكە

يىراق بىر زامانلاردا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا بىر ئۇستا ھەيكەلتىراش بولغانىكەن. بىراق، ئۇ تىغ
جىنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق نامرات بولۇپ، دائىم پۇل
تېپىشنى، باي بولۇشنىلا ئويلايدىكەن. چۈنكى، بۇ مەملى-
كەتتە ھەرقانچە ئۇستا سەنئەتكار - ھەيكەلتىراش بولسىمۇ،
پۇل بولمىسا ھېچبىر ئىززەت - ئەتىۋارى، ئابرۇي - ئىنا-
ۋىتى بولمايدىكەن، ئەكسىچە ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمى-
سىمۇ پۇلى كۆپ كىشى بولسا تازا ئەتىۋارلىنىدىكەن،
ھەممە نەرسە پۇلنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنىدىكەن.

قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىچارە ھەيكەلتى-
راش سوغۇق دەستىدىن چىشلىرى كاسىلداپ، تەنلىرى
لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىز بىر ئېلان قەغى-
زى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەپتۇ. بىراق، ھەيكەلتىراش
پەرۋاسىز كېتىۋېرىپتۇ. ئېلان قەغىزى بولسا شامال ئۇ-
چۇردىمۇ ياكى جان كىرىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، ھەيكەلتى-
راشنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ بېرىپ يەنە ئالدىغا چۈشۈپتۇ،
ھەيكەلتىراش يەنە پەرۋاسىز كېتىۋېرىپتۇ، ئېلان قەغىزى
ئۇچۇپ بېرىپ يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ھەيكەلتىراش

تېرىككەن هالدا: «نېمانچە بېزەڭ ئېلان بۇ، يىرتىۋېتىپلا قۇتۇلايچۇ؟» دېگىنىچە ئۇنى قولىغا ئاپتۇ، بىراق يىرتىشتىن بۇرۇن بىر ئوقۇپ باققۇسى كېلىپ شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ - دە: «ئامەت! ئامەت! مانا ئامەت!» دەپ توۋلىغىنىچە سەكرەپ كېتىپتۇ.

بىراق، يەنە كۆپ ئۆتمەي سولىشىپ: «هەي ئىسىدتەي، هەيكەل ياساشقا بىرەر ئەسۋاب - سايمىنىم ۋە بىرەر پارچە گرانت تېشىم يوق - دە، بولمىسا...» دەپ بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇراپتۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇ ئېلاندا نېمىلەرنى كۆرۈپتۇ دېمەمسىز، ئۇ ئېلان ئەسلىدە شۇ مەملىكەتتىكى ئەڭ پۇلدار، ئەڭ هوقۇقلۇق ئەرباب — پادىشاهنىڭ پەرمانى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەرهۇم مەلىكىنىڭ هەيكىلىنى ياساپ بەرگۈچىگە 100 تىللا ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان ۋە 15 — 16 ياشلاردىكى ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزنىڭ سۈرىتى بېرىلگەنىكەن.

ئەلۋەتتە هەيكەل ياساش هەيكەلتىراشنىڭ كەسپى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ ئېلان تازا يېقىپتۇ. بىراق، هەيكەل ياسايدىغانغا بىرەر ئەسۋاب - ئۈسكۈنىسى يا بىرەر پارچە گرانت تاشنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپتۇ. هەيكەلتىراش ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە كېتىۋېتىپ بىردىنلا يەر يۈزىنى قاپلىغان ئاپئاق قارغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ - دە، «بىر سىناپ باقايچۇ!؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قەدىناس ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، ئۇ نامراتلىشىپ كەتكىنىدىن بېرى بۇ ئاغىنىسىنىڭ ئىشىكى

دائىم ئۇنىڭ ئۈچۈن يېپىقلىق ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ بېرىپ ئىشىك قېقىپتۇ.

— ساڭا نېمە كېرەك؟— دەپتۇ ئاغىنىسى ئۇنى كۆ-رۈپلا، چۈنكى هازىر ئۇنىڭ بۇ نامرات ئاغىنىسىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىكەن.

— ماڭا بىر پارچە تاختاي، بىرئاز زەر يىپ ۋە خوتۇ-نۇڭنىڭ تۈلكە تېرە جۇۋىسىنىڭ مويىدىن بىر تۇتام كېرەك ئىدى،— دەپ دۇدۇقلاپتۇ ھەيكەلتىراش،— بولسا ئىككى تال كۆك شىشە مارجان قوشۇپ بەرسەڭ، بالىلىرىڭ بىر چاغدا ئويناپ يۈرەتتى، بۇلارنىڭ بەدىلىگە بىرنەچچە كۈن-دىن كېيىن بىر تىللا بېرەتتىم.

— سەندە ماڭا بەرگۈدەك تىللا نېمىش قىلسۇن دەپ مەسخىرە قىپتۇ ئاغىنىسى،— يانچۇقلىرىڭنى تەتۈر ئۆرۈ-سىمۇ مىس يارماقنىڭ سۇنۇقى چىقمايدۇ، شۇنداقتىمۇ دېگەنلىرىڭنى بەرسەم بېرەي، ئانچە پۇللۇق نەرسىمۇ ئە-مەسكەن. يەنە دەيدىغىنىڭ بولسا دە، بىراقلا ئاچىقىپ بېرەي، ئاندىن مېنى ئىككىنچى ئاۋارە قىلغۇچى بولما.

— ماقۇل، ماقۇل،— دەپتۇ ھەيكەلتىراش،— بولسا يەنە خوتۇنۇڭنىڭ لەۋسۇرۇخى بىلەن قىزىل ئۇپىسىدىن بىرئاز ئالغاچ چىقساڭ.

— ئۆزۈڭگە پەرداز قىلاي دەمسەن نېمە؟— دەپتۇ ئاغىنىسى يەنە مەسخىرە قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر پارچە تاختاي بىلەن بىر قەغەز كوروپكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، ھەيكەلتىراشقا تاشلاپ بېرىپ ئىشىكنى جالاققىدە يېپىۋاپتۇ. ھەيكەلتىراش كوروپكا بى-

لەن تاختاينى كۆتۈرگىنىچە كېتىپ قاپتۇ. مېڭىپتۇ، مې-
ڭىپتۇ، شەھەر سىرتىدىكى كەڭ دالىغا چىقىپتۇ. ئۇ تاخ-
تاينى يەرگە قويۇپ، ئۈستىگە پاكىز قار يىغىپ ئىش
باشلاپتۇ، كۆپ ئۆتمەي زىلۋا، نازۇككىنە بىر قار قىزنىڭ
ھەيكىلى پۈتۈپتۇ.

ھەيكەلتىراش كۆك شېشە مارجاندىن كۆز قارىچۇقى،
تۇلكە مويىدىن قاش ـ كىرپىك، زەر يىپتىن بۇدۇر چاچ
ياساپتۇ. ھەيكەلنىڭ لەۋلىرىنى لەۋسۇرۇخ بىلەن بوياپ
مەڭزىگە سۇسقىنە قىزىل ئۇپا سېپىپتۇ. بويىندىكى مار-
جان ۋە قۇلىقىدىكى ھالقا كۆزنىنمۇ، كۆڭلەك تۈگمىلىرى-
نىمۇ لەۋسۇرۇخ بىلەن بوياپتۇ، قار قىزنىڭ ئۇزۇن كۆڭ-
لىكى ئېتىكىگە ئويغان ئەتىرگۈل نەقىشلىرىگىمۇ لەۋسۇ-
رۇخ سۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاختاي ئۈستىدە ئېلاندى-
كى مەلىكە سۈرىتىدىكىگە ئوخشاش بىر گۈزەل قىز ئوب-
رازى — قار مەلىكە ھاسىل بوپتۇ.

ئۆز ئىشىدىن رازى بولغان ھەيكەلتىراش تاختاينى
ئاۋايلاپقىنا كۆتۈرۈپ ئوردىغا مېڭىپتۇ، يول بويى كىشى-
لەر:

— پاھ، راست مەلىكىنىڭ ئۆزىلا بوپتىغۇ، —
دېيىشكىنىچە قارىشىپ قاپتۇ. ھەيكەلتىراش بولسا بۇنىڭ-
دىن پەخىرلىنىپ گىدەيگىنىچە ئوردا دەرۋازىسىغا كەپتۇ.
قاراۋۇللارمۇ قار مەلىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ھاڭۋېقىپ قال-
غىنى ئۇچۇن ئۇنى توسۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ. ھەيكەلتى-
راش بولسا بۇ مەملىكەت تارىخىدا يىرتىق كىيىم، قەلەندەر
ھالىتىدە ئوردىغا توسالغۇسىز كىرگەن تۇنجى كىشى سۈپە-

تىدە ئۇدۇل پادىشاھ قەسىرىگىلا ئۇسۇپ كىرىپتۇ.
تەخت ئۇستىدە ئولتۇرغان پادىشاھ قار مەلىكىنى كۆ-
رۇپلا راست - يالغىنىغا قارىماستىن: — ئاھ مەلىكەم، —
دەپ توۋلىغىنىچە تەختتىن سەكرەپ چۇشۇپ، ھەيكەلنى
باغرىغا بېسىش ئۇچۇن يۇگۇرۇپتۇ، بىراق ئۇزۇن شاھلىق
تونىنىڭ سۆرىلىپ تۇرغان پېشىگە دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ
چۇشۇپتۇ - دە، شاھلىق ئالتۇن تاجى بېشىدىن چۇشۇپ
كېتىپتۇ. ۋەزىرلەر ئالمان - تالمان ئۇنى يۆلەشتۇرگىنىد-
چە:
— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، ئۇ بىر ھەيكەل،
جىنىڭ مەلىكە ئەمەس، — دەپتۇ ئەسكەرتىپ.
شۇ چاغدىلا ئېسىنى تاپقان شاھ قار مەلىكىنى سىلاپ
باققانىكەن، مۇزدەك سوغۇق بىلىنىپتۇ.
— ھەيكەلگە ئىشلەتكىنىڭ قانداق تاش، — دەپتۇ
كۆزلىرى تورلاشقان پادىشاھ، — نېمانچە سوغۇق.
— ئۇ قاردىن ياسالغان، ئالىيلىرى، — دەپتۇ ھەي-
كەلتىراش پۇكۇلۇپ تۇرۇپ، — ئۇ بىر قار مەلىكە.
— ياخشى، ياخشى، — دەپتۇ پادىشاھ، — راستىنىلا
مەلىكەمگە ئوخشاپتۇ، راست قار مەلىكە بوپتۇ، بىراق بۇ
قار مەلىكە بىر دەملىك كۆرۇشكىلا يارايدۇ. نېمىشقا ئۇنى
تاشتىن ياسىمىدىڭ، مەرمەر تاش، ياق، قاشتېشى ياكى
خرۇستالدىن ياسىغان بولساڭ بەك ياخشى بولاتتى.
— شۇنداق قىلسامغۇ ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ ھەي-
كەلتىراش يەنە تەزىم بىلەن، — بىراق، مەن بىر نامرات
ھەيكەلتىراشمەن، قاشتېشى، خرۇستال ئەمەس، مەرمەر

تاش، ھېچبولمىسا راۋۇرۇس گىرانىت تاش ئالغىلىمۇ پۇلۇم يوق. ئامالسىز مەلىكىنىڭ ھەيكىلىنى قاردىن ياسىدىم.

— بىراق، — دەپتۇ پادىشاھ، — ھېلىلا ئېرىپ كېتىدىغان قار مەلىكە ئۈچۈن 100 تىللا ئىنئام قىلغىلى بولمايدۇ - دە، ماڭا زادىلا ئېرىپ يوقاپ كەتمەيدىغان، كۆندە كۆرۈپ تۇرغىلى بولىدىغان خرۇستال مەلىكە ياكى قاشتېشى مەلىكە كېرەك. ئارقىدىنلا ئۇ ياساۋۇللارغا:

— بۇ قەلەندەرنى قوغلاپ چىقىرىڭلار، — دەپ تۇۋلاپتۇ ئاچچىقلاپ. شۇ ھامان ياساۋۇللار يۈگۈرۈپ كەپتۇ، ھەيكەلتىراش بولسا ئالدىراپ تىزلىنىپتۇ - دە:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، ماڭا چوڭ بىر پارچە خرۇستال ياكى قاشتېشى، ھەيكەلتىراشلىق سايمانلىرى ئالغىلى بىرنەچچە تىللا ئىلتىپات قىلغان بولسىلا، مەن ئۆزلىرى دېگەندەك مەلىكە ھەيكىلى ياساپ بېرەتتىم.

— شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ ياندا تۇرغان سودا ۋەزىرى، — ھەيكەل ياسىلىپ بولغاندا بېرىدىغان ئىنئامدىن كەتكەن خىراجەتنى تۇتۇپ قالىمىز، قاشتېشى ياكى خرۇستال دېگەندەكلەر بولسا مېنىڭ دۇكىنىمدا بار، شۇ يەردىن سېتىۋېلىپ بېرەيلى، ئەللىك تىللاغا بېرىمەن.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئەللىك تىللا بېرىدىكەنمىز - دە، دەپتۇ خەيرىيەت ۋەزىرى، — ئاز دېگەندە يېرىمىنى خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىئانە قىلسۇن.

— ياق، ئون تىللا بەرسەكلا بولدى، — دەپتۇ پۇل ئىشلىرى ۋەزىرى، — خەزىنىدىن كۆپ چىقىم قىلىشقا بولمايدۇ.

قاشتېشى، خرۇستال دېگەنلەرنى بىز ئېلىپ بەرگەندىكىن بىر تىللا بەرسەكلا كۇپايە، — دەپتۇ باج ئىشلىرى ۋەزىرى، — بىراق ئىنئام بېجى، تاپاۋەت بېجى... قاتارلىقلارنى تۆلەشنى ئۇنتۇمىسۇن.

— بىر كۇمۇش تەڭگىلا بېرىمىز، — دەپتۇ باش ۋەزىر كەسكىنلىك بىلەن، — بۇمۇ ئوشۇق كېتىدۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەيكەلتىراش بىر تەڭگە ئۈچۈن مەلىكىنىڭ خرۇستال ھەيكىلىنى ياسايدىغان بوپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر تەڭگىگە ئېرىشىدىغىنى ئۈچۈن بەكمۇ خۇشكەن. بىراق، قار مەلىكىگە ئۇۋال بوپتۇ. چۈنكى، پادىشاھ ئۇنى ئاچقىپ تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇغانىكەن، بىر ياساۋۇل ئۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوردا ئالدىدىكى پەشتاققا توختىتىپ قويۇپلا قايتىپ كىرىپتۇ. بۇ كەچ كىرگەن چاغ بولۇپ، سوغۇق شىمال شامىلى گۇركىرەپ، يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بۇ گۈزەل قار مەلىكىگە مەسلىكى كەلدىمۇ - قانداق، ئۆز قوينىغا ئېلىپلا ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. شىمال شامىلى ئىللىق جەنۇبقا يۈرۈش قىلغانىكەن، ئۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىلگىرىلەپتۇ، ناھايىتى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ، بىراق ماڭغانسېرى ئاجىزلاپ، ئاخىر پايانسىز بىر جەزىرىگە يەتكەندە قار مەلىكىنى كۆتۈرۈپ ئۈچالماي يەرگە قويۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن چېكىنىپ كېتىپتۇ. يەرگە پۇتى تېگىش بىلەنلا قار مەلىكىگە جان كىرىپ:

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن ئىسسىق - ھە؟! دېگەن سادا چىقىرىپتۇ.

— شۇنداق، بەكمۇ ئىسسىق بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ يېگانە ئۆسكەن بىر يانتاق، — مەنمۇ چىدىيالمايۋاتىمەن، تېنىمدىكى سۇ پارغا ئايلىنىپ بولدى، يامغۇر ياغسا بولاتتى، بولمىسا قۇرۇپ كېتىمەن، ئازراق سۇ بولسىمۇ مەيلىتى.

— بىچارە، — دەپتۇ قار مەلىكە يەنە سادا چىقىرىپ، — مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلسامىكىن.

شۇ هامان ئۇنىڭ قول بارماقلىرىدىن سۇ تامچىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئالدىراپ يانتاق قېشىغا بېرىپتۇ ـ دە، قوللىرىنى يانتاق ئۈستىگە تۇتۇپتۇ. تامچىلىغان سۇ يانتاق تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپتۇ ـ دە، ئۇ ياشىرىپ، كۆكىرىپ قاپتۇ.

— رەھمەت، رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ يانتاق خۇشال بولۇپ، — ئەمدى قۇرۇپ قالمايدىغان بولدۇم، يامغۇر ياغقۇچە بەرداشلىق بېرەلەيمەن، بىراق سىز كىچىكلەپ قالدىڭىز.

قار مەلىكە راستتىنلا بىر ئاز كىچىكلەپ قالغان، كىچىكلىگەندىمۇ ھەممە يېرى تەپتەكشى كىچىكلەپ قالغانىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ:

— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ يانتاققا، — پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىسەملا بولغىنى، خوش، مەن كېتەي، بۇ ئىسسىق جايدا كۆپ تۇرالمىغۇدەكمەن.

— توختاڭ، — دەپتۇ يانتاق، — بۇ تىكەننى كۆڭلىڭىزگە سانجىپ قوياي، ئەسقېتىپ قالار.

قار مەلىكە تىكەننى كۆڭلىكىگە سانجىپ بولغاندىن كېيىن مېڭىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ پۈتلىرىدىكى قار كەشى

شىمال شامىلىنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا مۇزلاپ خرۇستالدەك مۇز كەشكە ئايلىنىپ قالغانىكەن، بىراق بۇ مۇز كەشمۇ، قار مەلىكىنىڭ ئۆزىمۇ تومۇز ئىسسىقتا ئېرىپ كەتمەپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا ئالدىغا نىمجان هالەتتە ياتقان بىر چىرايلىق تورغاي ئۇچراپتۇ.

— ساڭا نېمە بولدى؟— دەپ سوراپتۇ قار مەلىكە.

— ئۇسساپ مادارىم قالمىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىدىغان ئوخشايمەن،— دەپتۇ تورغاي يىغلامسىراپ.

— بىچارە،— دەپتۇ قار مەلىكە،— ساڭا ياردەم قىلالىسام بولمىغۇدەك.

شۇ هامان ئۇنىڭ قول بارماقلىرىدىن يەنە سۇ تامچىلاشقا باشلاپتۇ، تورغاي سۇ تامچىلىرىنى ئىچىپ مادارىغا كەپتۇ ـ دە، تېتىكلىشىپ پۇررىدە ئۇچۇپ كۆككە ئۆرلەپ بەك يېقىملىق سايراپ قار مەلىكىنى بەكمۇ خۇرسەن قىپتۇ، ئاندىن:

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ قار مەلىكىگە، — بىراق، ئىلگىرىكى هالىتىڭىزدىن خېلى كىچىكلەپ قاپسىز، كىچىك بالا بولۇپ قاپسىز.

— هېچقىسى يوق،— دەپتۇ قار مەلىكە،— تولۇق ئېرىپ يوقاپ كەتمىسەملا بولغىنى.

قار مەلىكە يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ، تورغاي ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپ بىر تال پېيىنى چېچىغا قىستۇرۇپ قويۇپتۇ-دە، — ساقلاپ قويۇڭ، كېرەك بولۇپ قالار،— دەپتۇ ئۇنىڭغا.

قار مەلىكە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر جايغا يەتكەندە

ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئۆلۈپ قالاي دەپ قالغان مۇشۇكياپىلاققا يولۇقۇپتۇ.

— بىچارە، — دەپتۇ قار مەلىكە، — ساڭىمۇ ياردەم قىلمىسام بولمىغۇدەك، — شۇ ھامان ئۇنىڭ قول بارماقلىرىدىن سۇ تامچىلاشقا باشلاپتۇ. مۇشۇكياپىلاق سۇ تامچىلىرىنى يۇتۇپ تېتىكلىشىپتۇ ـ دە:

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ قار مەلىكىگە، — بىراق، ئۆزىڭىز كىچىكلەپ قالدىڭىز، كىچىككىنە بوۋاقتەكلا بولۇپ قاپسىز.

— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ قار مەلىكە تولۇق ئېرىپ تۈگەشمىسەملا بولغىنى.

— مەن سىزنى چۆلدىن چىقىرىپ قويااي، — دەپتۇ مۇشۇكياپىلاق.

— ياقەي، — دەپتۇ قار مەلىكە، — مېنىڭ كېتىۋېرەي، يەنە ياردەمگە موھتاجلار بولسا كۆرمەي قالىمەن.

— ماقۇل، — دەپتۇ مۇشۇكياپىلاق بىر تال پېيىنى يۇلۇپ قار مەلىكىگە بېرىۋېتىپ، — بۇنى ئېلىۋېلىڭ، كېرەك بولۇپ قالار.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خوشلىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، قار مەلىكىمۇ يولىغا مېڭىپتۇ، ئاخىر چۆلنىڭ چېتىگە يېتىپتۇ. بۇ يەردە پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تۈپ ئەتىرگۈل، ئەتىرگۈل سايىسىدا ھوشسىز ياتقان ئاجايىپ كېلىشكەن چىرايلىق بىر ئالتۇن چاچلىق شاھزادە بار ئىكەن.

«ئاھ! بىچارە يىگىت، نېمىدېگەن چىرايلىق، كې-

لىشكەن يىگىت ـ ھە! ؟» دەپتۇ قار مەلىكە ئۇنى كۆرۈپلا، «ئۇنىڭغىمۇ ياردەم قىلمىسام بولمىغۇدەك».

شۇ ھامان ئۇنىڭ قول بارماقلىرىدىن سۇ تامچىلاشقا باشلاپتۇ، قار مەلىكە ۋۇجۇدىنىڭ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەمدى روشەن ھېس قىپتۇ، بىراق ئىككىلەنمەستىن قول بارماقلىرىنى يىگىتنىڭ لەۋلىرىگە توغرىلاپتۇ.

ۋاي بولمىدى، — دەپتۇ ئەتىرگۈل، — بارغانسېرى كىچىكلەپ يوقاپ كېتەيلا دەپ قالدىڭىز.

— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ قار مەلىكە، — بۇ سۆ-يۈملۈك يىگىتنى قۇتقۇزۇپ قالالىساملا بولغىنى، بىراق ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەلىگەن بولسام بەك ياخشى بولاتتى.

— ئۇ بىر شاھزادە، — دەپتۇ ئەتىرگۈل، — ئىسمى رۇستەم، يولدىن ئېزىپ بۇ چۆلگە كىرىپ قاپتۇ، ئۇس-سۇزلۇقتىن مادارى قالماي بۇ يەرگە كەلگەندە يىقىلىپ قالدى...

ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا قار مەلىكە ئېرىپ تۈگەپتۇ، پەقەت بىر جۈپ كىچىككىنە قونچاق ئايىغىدەك مۇز كەش ۋە كەش ئىچىدە ئىللىق تەبەسسۇم كۆلكىسىدەك جىلۋىلى-نىپ تۇرغان ئازغىنە قار سۈيىلا قاپتۇ. يەنە ئەتراپىدا كىچىككىنە كۆك مارجان، زەر يىپ ۋە تۈلكە مويلىرى، پەي ـ تىكەنلەرمۇ بار ئىكەن.

بۇ چاغدا شاھزادە رۇستەم ھوشىغا كەپتۇ، قار سۈيى ئۇنىڭغا يېڭى ھايات بەخش ئەتكەن، كۈچ ـ مادار بەرگەن-كەن.

— مېنى كىم قۇتقۇزدى، — دەپتۇ ئۇ ئورنىدىن تۇ-

روۋپلا ئەتراپقا قاراپ.

— قار مەلىكە قوتقۇزدى، — دەپتۇ ئەتىرگول ھەسرەت بىلەن جاۋاب بېرىپ، — بىراق، ئۇ ئۆزى ئېرىپ توگىدى، ئۆز ھاياتى بىلەن سىزنى قوتقۇزدى.

— ئاھ! بىچارە قار مەلىكە، — دەپتۇ شاھزادە روۋستەم مەيۇسلۇك بىلەن، — ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىشقىمۇ ئولگورەلمەپتىمەن.

— سىز ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتماقچىمۇ، — دەپتۇ ئەتىرگول، — ئەمىسە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۇرۇڭ.

— ئۇنى قانداق قىلغاندا ئەسلىگە كەلتۇرگىلى بولىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە روۋستەم تەقەززالىق بىلەن.

— بۇ يەردىن خېلى يىراقتا. بىر ئېگىز تاغ بار، تاغ چوققىسىدىكى چەشمە بويىدا بىر تال ئالتۇن رەڭلىك گول بار، ئۇ گول بەكلا خاسىيەتلىك، ئولۇكنى تىرىلدۇرىدۇ، ئومۇرنى ئۇزاق قىلىدۇ، ئۇنى ھاياتلىق گولى دەيمىز، بىراق ئۇنى بىر يالماۋۇز موماي بېقىپ ياتقان، ئۇزاق يىللاردىن بېرى شۇ گولنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ، ئومرى ئۇزىرىپ ياشاپ كەلگەن. تاغ ئېتىكىدىن ئوتكۇچىلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئۇ ئۇخلىغاندىلا كىشىلەر تاغ ئەتراپىدىن ئوتەلەيدۇ، ھېچ كىشى تاغ چوققىسىغا چىقىشقا جۇرئەت قىلغان ئەمەس، ئاشۇ گولنى ئەكېلەلىسىڭىز قار مەلىكە ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپتۇ ئەتىرگول.

— مەن چوقۇم گولنى ئەكېلىمەن، — دەپتۇ شاھزادە روۋستەم، — يالماۋۇز ئاپەتتىنمۇ يوقىتىمەن.

— ياق، بولمايدۇ، — دەپتۇ ئەتىرگول، — ئۇ بىر

جادۇگەر، ئەگەر ئېلىشمەن دېسەڭىز سىزنى دەم تارتىپلا يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇنداق قىلالمىسا تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، ئۇ ئويغاق بولسا شەپە بولمايدۇ، ئۇخلاۋاتقاندا بولسا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك خورەك تارتىدۇ، ئۇخلاۋاتقاندا بېرىپ تاغ چوققىسىغا چىقىڭ - دە، گۈلنى ئېلىپلا دەرھال قېچىڭ، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرىمەن دېمەڭ، چۈنكى ئۇ بىر قىلىچتا ئۆلمەيدۇ، ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرغۇچە ئويغىنىپ سىزنى ھالاك قىلىدۇ، ئەگەر گۈلنى ئەكېلەلىسىڭىزلا ئۇ كۆپ ئۆتمەيلا ئۆلىدۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ شاھزادە رۇستەم، — چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ تاغ تەرەپكە راۋان بوپتۇ، بىر چاغدا ئېگىز تاغنى كۆرۈنۈپتۇ، تاغدىن ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك دەھشەتلىك سادا كېلىپ تۇرغۇدەك.

— ئۇ ئۇيقۇدىكەن - دە، — دەپتۇ شاھزادە رۇستەم خۇشال بولۇپ، شۇ سۆز بىلەن تەڭ ئۇ غەيرەتلىنىپ تېز يۈگۈرۈپ تاغ باغرىغا يېتىپتۇ. تاغ چوققىسى سىلىكىنىپ تۇرار ئىكەن. بىراق، شاھزادە رۇستەم پىسەنت قىلماي تاغ چوققىسىغا ئۆرلەپتۇ، ئاخىر نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك گۈل تۇۋىدە، زىلال چەشمە بويىدا تاشنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلاپ ياتقان بېشى قازاندەك، ئاغزى يالاقتەك، ئىلمەك بۇرۇن، چاچلىرى ئورنىدا يىلان - چايانلار يۈگىشىپ ئۆسكەن بىر قېرى دەللىنى كۆرۈپتۇيۇ، تېنى شۈركۈنۈپتۇ. بىراق، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېھتىيات بىلەن ھاياتلىق گۈلىگە قول سوزۇپتۇ، گۈل خۇددى شۇنى

كۆتكەندەكلا يۇلۇنۇپ ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قاپتۇ، شاھزادە
رۇستەم گۇلنى چىڭ سىقىمدىغانچە تاغدىن تۆۋەنگە يۇگۇ-
رۇپتۇ، تاغ باغرىدا بىرئاز دەم ئېلىپلا بار كۈچى بىلەن
يۇگۇرۇپ ئەتىرگۇل يېنىغا يېتىپتۇ.

—گۇلنى ئاۋۇ مۇز كەشلەر ئۇستىگە قويۇڭ، —
دەپتۇ ئەتىرگۇل.

شاھزادە شۇنداق قىپتۇ، شۇ ھامان كەش ئۇستىدە
كىچىككىنە قار مەلىكە گۇل ئورنىدا پەيدا بولۇپ چوڭىيىپ-
تۇ، چوڭىيىپتۇ، ئاخىر ياسالغان چاغدىكى ھالىتىگە قاي-
تىپتۇ. بىراق، ھەيكەل ئەمەس، ئالتۇن رەڭلىك چاچلى-
رى مۇرىسىدە يېيىلىپ تۇرغان، كۆپكۆك بۇلاقتەك كۆز-
لىرىگە قايرىما كىرپىكلىرى سايە تاشلىغان، قىپقىزىل
گىلاستەك لەۋلىرىدە تەبەسسۇم كۇلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇر-
غان، قاردەك ئاق بويىدا قىپقىزىل ياقۇت مارجان يالتى-
راپ، قىزىل ئەتىرگۇل جىيەكلىك قاردەك ئاق كۆڭلىكى
ئىللىق شامالدا يەلپۇنۇپ تۇرغان ھەقىقىي بىر مەلىكىگە
ئايلىنىپتۇ.

شاھزادە رۇستەم ئۇنى كۆرۇپلا:

— ئاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق سىز!؟— دەپتۇ سۆيۇ-
نۇپ.

— ماختاشقا لايىق ئەمەسمەن، — دەپتۇ قار مەلىكە
چېھرى شەپەقتەك قىزىرىپ.

بىراق، دەل شۇ چاغدا: — تېز قېچىڭلار؟ يالماۋۇز
كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەتىرگۇل ئەنسىزلىك بىلەن.

ئۇلار بېشىنى كۆتۇرۇپلا يىراقتىن قۇيۇندەك تېز كې-

لىشۋاتقان يالماۋۇزنى كۆرۈپتۇ ـ دە، قول تۇتۇشۇپ چۆل تەرەپكە قېچىپتۇ، بىراق يالماۋۇز بەك تېز يۈگۈرىدىغان بولغاچقا يېتىشىۋالاي دەپلا قاپتۇ.

— سىز مەندىن تېز يۈگۈرىسىز، — دەپتۇ قار مەلىكە شاھزادە رۇستەمگە، — ماڭا قارىماي قېچىپ قۇتۇلۇڭ، بولمىسا تەڭلا تۇگىشىمىز.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ رۇستەم قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، — مەن سىزنى قوغداي، يالماۋۇزنى توسۇپ تۇراي، تېزرەك ئۆزىڭىزنى ياقىغا ئېلىڭ.

ئۇلار شۇنداق تالىشىۋاتقاندا بىردىنلا قار مەلىكىنىڭ كۆڭلىكىدىن بىر تال يانتاق تىكىنى ئېتىلىپ چىقىپ يەرگە چۈشۈپتۇ، شۇ ھامان يالماۋۇز بىلەن قار مەلىكە، شاھزادە ئارىسىدا دەرەختەك ئېگىز ۋە بوك ـ باراقسان يانتاقزارلىق ھاسىل بولۇپ يولنى توسۇپتۇ، يالماۋۇزنىڭ بەدەنلىرى تىلىنىپ، پۇتلىرى تېشىلىپ قاناپ يۈگۈرەلمەي قاپتۇ، شۇ پۇرسەتتە شاھزادە رۇستەم قار مەلىكىنى ئېلىپ يىراقلاپ كېتىپتۇ.

غەزەپلەنگەن يالماۋۇز بىر ئوت پۇركۈپلا يانتاقزارلىقنى كۆيدۈرۈپ يول ئېچىپتۇ ـ دە، يەنە قۇيۇندەك تېز ئىلگىرىلەپتۇ، يېتىشىۋالاي دېگەندە شاھزادە رۇستەمنىڭ قىلىچ بىلەن جەڭگە ھازىرلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەپسۇن ئوقۇماقچى بولغانىكەن، قار مەلىكىنىڭ قولىدىن مۇشۇكياپلاق ئېتىلىپ چىقىپ بىر شۇڭغۇپلا يالماۋۇزنىڭ ئاغزىغا چاڭگال سېلىپ، قۇلىقىغىچە يىرىۋېتىپۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ، يالماۋۇز ئەپسۇن ئوقۇيالمىغان بول-

سىمۇ، يەنىلا كۆچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ شىددەت بىلەن قوغلاپتۇ، يېتىشىۋالاي دېگەندە قار مەلىكىنىڭ بېشىدىكى تورغاي پېيى ئاسمانغا ئۆرلەپ بىر تورغايغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، چۇۋۇر ـ چۇۋۇرلاپ سايرىغانىكەن، ھەر تەرەپتىن تورغاي، تۇمۇچۇق، قۇشقاچلار ئۇچۇپ كېلىپ ھەممىسى بىردەك يالماۋۇزغا ئېتىلىپتۇ، ھەر بىرىنىڭ چوقۇغان يېرىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ يالماۋۇزنىڭ قانلىرى ئېقىپ- تۇ، ئاقىۋەت يالماۋۇز يىقىلىپتۇ ـ دە، ئازاب ئىچىدە جان بېرىپتۇ.

شاھزادە رۇستەم قار مەلىكىنى ئېلىپ ئۆز مەملىكى- تىگە راۋان بوپتۇ. ئۇلار بەختلىك ھايات سەپىرىنى داۋام قىپتۇ.



# ئاقئىز بىلەن قارىقىز

يىراق بىر زامانلاردا، نامەلۇم بىر يېزىدا يوقسۇل بىر تۇل خوتۇننىڭ بىر جۈپ قىزى بار ئىكەن. ئۇلار قوشكېزەك ئاچا - سىڭىل ئىكەنۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، تۇغۇلۇشىدىن چوڭىنىڭ رەڭگى - رۇخسارى قاردەك ئاق، چىرايلىق ئىكەن. كىچىكىنىڭ رەڭگى - رۇخسارى كۆمۈردەك قارا، كۆرۈمسىز ئىكەن. ئانىسى ئۇلارغا بىر كۆزدە قاراپ ئۆزى ئەڭ خەيرلىك ۋە چىرايلىق دەپ بىلگەن ئىسىملارنى تاللاپ قويۇپتۇ. لېكىن، كىشىلەر چوڭىنى «ئاقئىز»، كىچىكىنى «قارىقىز» دەپ ئاتىشىپتۇ. ئۇلارمۇ بارا - بارا بۇ ئىسىمغا كۆنۈپ قاپتۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئىسىملىرىنى ئۇنتۇپمۇ قېلىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، قىزلار 16 ياشقا قەدەم قويۇپتۇ، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس خۇلق - مىجەز ۋە پەزىلەت يېتىلدۈرۈپتۇ.

ئۇلاردىن ئاقئىز تەكەببۇر ئىكەن، چۈنكى ئۇ چىرايلىقلىقىغا بەكمۇ تەمەننا قويىدىكەن. دائىم تاپقان - تەرگىنىنى ئىشلىتىپ تۇزدەك ياسىنىپ، نازاكەت بىلەن ئىش قىلىپ، بەكمۇ سىلىق - سىپايە يۈرىدىكەن، ئەمما چىرايى-

دىن قاردەك سوغۇقلۇق يېغىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، كىشى-
لەر ئۇنى يەنە «پۇراقسىز ئاق ئەتىرگۈل» دەپمۇ ئاتايدى-
كەن.

قارىقىز بولسا سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ۋە خۇش پېئىل
ئىكەن. دائىم ئاددىي - ساددا، لېكىن يارىشىملىق كىيى-
نىپ، كېيىكتەك شوخلۇق قىلىپ، تىنىمسىز يۈرىدىكەن.
قاپقارا چېھرىدىن ئىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىكەن.
كۈمۈش قوڭغۇراق ساداسىدەك زىل ۋە جاراڭلىق كۈلكىسى
ياڭراپ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىكەن. شۇڭا، كى-
شىلەر «ئۇنىڭ رەڭگى قارا بولسىمۇ قەلبى قاردەك ئاق،
ئۆزى كىشىگە يېقىشلىق، مۇلايىم، خۇشخۇي قىز» دەپ
تەرىپلەيدىكەن ھەم ئۇنى ئاچىسىنىڭ ئەكسىچە «خۇش پۇ-
راقلىق قارا ئەتىرگۈل» دەپمۇ ئاتايدىكەن.

شۇ كۈنلەردە شەھەردىن «پادىشاھنىڭ ئىككى ئوغلى
ئۆزلىرىگە خوتۇنلۇققا قىز تاللايدىكەن» دېگەن خەۋەر يې-
تىپ كەپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قىزلارنىڭ ئانىسى
خۇشال بولۇپ دەرھال ئاققىزنى ياساپ - جابدۇپ پايتەختكە
يولغا سېلىشنى قارار قىپتۇ. چۈنكى، ئاققىزنىڭ گۈزەل
ھۆسن- جامالى ھەرقانداق ئېسىلزادىنى ئۆزىگە مەھلىيا
قىلىدىكەن. بىراق، ئانا شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە يەنە
قارىقىزنى ئويلاپ بەكمۇ مەيۈسلىنىپ قاپتۇ.

«بىچارە قىزىم» دەپتۇ ئانا ئۆز - ئۆزىگە «نېمىدېگەن
بەختسىز - ھە؟! ئۇمۇ ئاچىسىدەك رەڭگى سۈتتەك ئاق،
چىرايلىق بولغان بولسا بۇ قېتىم تەلىيى تازا ئوڭدىن
كەلگەن بولاتتى. خەير، شۇنداقتىمۇ خۇدا بەختىنى بەر-

گەي! »
شۇنداق قىلىپ، ئاققىز يولغا چىقىدىغان بوپتۇ، بىراق ئۇ يۇرت بويىچە شەھەرگە بېرىپ شاھزادىلەرنىڭ قىز تاللىشىغا قاتنىشىشنى ئىختىيار قىلغان بىردىنبىر قىز ئىكەن. شۇڭا، ئانىسى ئۇنى يالغۇز يولغا سېلىشقا چىدىماپتۇ.
— مەن بىللە بارايچۇ، — دەپتۇ قارىقىز شۇ چاغدا ئانىسىغا، — شەھەرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانتىم، ئاچامغا ھەمراھ بولغاچ كۆرۈپ كېلەي.
— سەن بارساڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ ئاققىز ئالدىراپ، — سېنى كۆرگەنلا ئادەم سەسكىنىپ قاچىدۇ، مەن بىلەن ئوردىغا بارساڭ تېخىمۇ بولمايدۇ.
— ئوردىغا بارمايمەن، — دەپتۇ قارىقىز، — ماڭغاندىمۇ سەندىن يىراقراق ماڭىمەن، پەقەت شەھەرنى بىر كۆرۈپلا كەلسەم بولدى.
— شۇنداق قىلسۇن، — دەپتۇ ئانىسىمۇ، — ھېچبولمىغاندا شەھەرگە بارغۇچە بولسىمۇ ھەمراھ بولار، مەنمۇ سەندىن ئەنسىرەپ ئولتۇرماي.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىللە يولغا چىقىپتۇ، شەھەر يولىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا ئۇلارغا بىرنەرسىنى كۆتۈرۈۋالغان، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېتىۋاتقان بىر موماي يولۇقۇپتۇ.
— چىرايلىق قىزلىرىم، ماڭا ياردەم قىلساڭلارچۇ، — دەپتۇ موماي ئۇلارغا يېلىنىپ، — بۇ بىر خالتا نەرسىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسەڭلار، يولىمىز بىر ئوخشايدۇ، ئۆيۈم

ئالدىمىزدىكى دوقمۇشتىلا، بىراق هازىر خالتىنى كۆتۈ- رۈپ ماڭغۇدەك هالىم قالمىدى.

— چولىمىز تەگمەيدۇ، بىز بەك ئالدىراش، تېز ماڭمىساق بولمايدۇ، — دەپتۇ ئاققىز توڭلۇق بىلەن.

— مەن ياردەم قىلاي، — دەپتۇ قارىقىز ئىچ ئاغرى- تىپ.

— مەن كېتىۋېرەي ئەمىسە، — دەپتۇ ئاققىز تېرى- كىپ، — ساڭا قاراپ هايال بولسام بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاققىز تېز مېڭىپ ئالدىدا كېتىپتۇ، قارىقىز خالتىنى كۆتۈرۈپ موماي بىلەن تەڭ ئاستا مېڭىپ كەينىدە قاپتۇ. بىراق، ئاققىز يىراقلاپ كۆزدىن يىتىشى بىلەنلا موماي بىر سىلكىنىپلا ساھىبجامال بىر پەرىزاتقا ئايلىنىپ- تۇ - دە:

— سەن بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، ياخشى قىز ئىكەنسەن، بۇ خالتىدىكى نەرسە ئېسىل ئۈنچە - مەرۋايىت، گۆھەر- ياقۇت، مەن بۇنى ساڭا سوۋغا قىلاي، كېيىن ئەسقېتىپ قالار، ئېسىڭدە بولسۇنكى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچى ئۆزىمۇ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ قارىقىز خۇشال بو- لۇپ.

— خەير - خوش، سىزگە ئامەت تىلەيمەن، — دېگىنىچە پەرىزات كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قارىقىز چوڭ - چوڭ چامداپ يولىنى داۋام قىپتۇ. تېزلا ئاققىزغىمۇ يېتىشىۋاپتۇ ۋە بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى، — دەپتۇ ئاققىز ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، — مەن شاھزادىگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن بىر خالتا ئەمەس، بىر تاغار ئۈنچە - مەرۋايىتقا ئېرىشىمەن.

ئۇلار يەنە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا قاردەك ئاق ۋە تاۋاقتەك يوغان ئېچىلغان، بىراق شاخ - يوپۇرماقلىرى سولىشىپ قالغان بىر تۈپ ئاق ئەتىرگۈلگە يولۇقۇپتۇ.

— پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق ئەتىرگۈل بۇ؟ — دەپتۇ قارىقىز ھەۋەسلىنىپ، — بىراق، بۇ گۈل سولىشىپ قاپتۇ، سۇسىراپ قالغان بولسا كېرەك.

— كارىڭ بولمىسۇن، — دەپتۇ ئاققىز پىسەنت قىلماي، — مەن شاھزادىگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن سېنى چارباغقا ئەكىرىپ تېخىمۇ چىرايلىق، ئېسىل گۈللەرنى كۆرسىتىمەن، بۇ گۈل قانچىلىك نېمىتى؟

ئۇلار يەنە ماڭماقچى بوپتۇ. بىراق، ئەتىرگۈل بىردىنلا سۆزگە كېلىپ:

— چىرايلىق قىزلار، ماڭا ياردەم قىلساڭلارچۇ، سۇسىراپ سولىشىپلا قالدىم، قۇرۇپ قالىدىغاندەكلا تۇرىمەن. بىرئاز سۇ ئەكېلىپ بەرسەڭلار، — دەپتۇ يېلىنىپ.

— چولىمىز تەگمەيدۇ، ئىشىمىز ئالدىراش، تېز ماڭمىساق بولمايدۇ، — دەپتۇ ئاققىز قوپاللىق بىلەن.

— مەن ياردەم قىلاي، — دەپتۇ قارىقىز ئەتىرگۈلگە ئىچ ئاغرىتىپ.

— ئەمىسە مەن كېتىۋېرەي، — دەپتۇ ئاققىز رەنجىپ، — ساڭا ئەتىرگۈل ھەمراھ بولۇپ شەھەرگە بىللە

بارسۇن، مەن ئاۋارچىلىكتىن بىزار.

شۇنداق دەپلا ئاققىز كېتىپتۇ. قارىقىز ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ سۇ ئىزدەپتۇ، ئاخىر بىر كۆلچەك تېپىپتۇ ـ دە، ئوچۇملاپ سۇ ئەكېلىپ ئەتىرگۈل تۈۋىگە تۆكۈپتۇ. ئەتىرگۈل شۇ ھامان ياشىرىپ قاپتۇ. قارىقىز تاكى ھېرىپ ماجالى قالمىغۇچە سۇ توشۇپ ئەتىرگۈلنى قاندۇرۇپتۇ ـ دە، ئاندىن خوشلىشىپ ماڭماقچى بوپتۇ.

— توختاڭ،— دەپتۇ ئاق ئەتىرگۈل شۇ چاغ،— سىز بەك مېھرىبان، باغرى يۇمشاق ياخشى قىز ئىكەنسىز، سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن، گۈلۈمنى ئۈزۈۋېلىڭ، ئەس-قېتىپ قالار.

— ماقۇل،— دەپتۇ قارىقىز خۇشاللىق بىلەن ۋە ئاق ئەتىرگۈلنى ئۈزۈپتۇ. گۈل ھىدى ئۇنىڭ جىسمىغا دەرمان بولۇپ چارچاش تۇيغۇسى يوقاپتۇ ـ دە، ئۇچقاندەك مېڭىپ كېتىپتۇ. گۈلى ئۈزۈلگەن ئەتىرگۈل غايىب بوپتۇ. بەل-كىم ئۇمۇ ئەسلىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋالغان پەرىزات ياكى پەرىشتە بولسا كېرەك.

قارىقىز مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يىراقتىن ئاققىزنى كۆ-رۈپتۇ، ئەمدىلا يېتىشىۋالاي دېگەندە بىر ياندىن:

— ئوبدان قىز، ماڭا ياردەم قىلىسىڭىزچۇ،— دېگەن زەئىپ بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، لېكىن ھېچكىم كۆرۈنمەپ-تۇ.

— ماڭا گەپ قىلغان كىم؟— دەپ سوراپتۇ قارىقىز ئەجەبلىنىپ.

— مانا مەن، مانا مەن،— دەپتۇ يولنىڭ چېتىدىكى

بىر ئازگالدا بوشقىنا غۇيۇلداپ يۈرگەن ئاجىز شامال، — مەن ئازگالدىكى ئاجىز شامال، بەكمۇ ئاجىزلىقىمدىن ئازگالدىنمۇ چىقىپ كېتەلمەي قالدىم. يۆلەپ ياكى يەلپۈپ قويسىڭىز، ئازگالدىن چىقىۋالاتتىم.

— ماقۇل، — دەپتۇ قارىقىز.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئازگالغا چۈشۈپ تازا يۆلەپتۇ، يۆلەپ قوۋۇزلىرى ئاغرىپ كەتكەندە ئېتىكى بىلەن يەلپۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شامالنى تازا كۆچەيتىپتۇ، ئاندىن خوشلىشىپ يولغا مېڭىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، شەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەندە ياساۋۇللار ئۇنى توسۇپ:

— شەھەرگە كىرسەڭ بولمايدۇ. بۈگۈن مەخسۇس گۈزەل قىزلارنىڭلا شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغان. سەتلەرگىمۇ رۇخسەت قىلىنغاندا ئاندىن كىر، — دەپتۇ زاڭلىق قىلىپ.

قارىقىز ئامالسىز شەھەر سېپىلى يېنىدا ئاچىسىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما، كۆپ ئۆتمەيلا قېشىدا غۇيۇلدىغىنىچە ھېلىقى شامال پەيدا بولۇپ شىۋىرلاپتۇ:

— قىزچاق، نېمىشقا شەھەرگە كىرمىدىڭىز؟ چوڭ شاھزادە ئۆزىگە لايىق تاللاپ بولدى. ئەمدى ئىككىنچى شاھزادىگە نۆۋەت كەلدى. سىز شاھزادىلەرگىلا مۇناسىپ ياخشى قىز. تېزرەك شەھەرگە كىرىڭ، ئوردا ئالدىغا بېرىڭ.

— ياق، — دەپتۇ قارىقىز مەيۈسلىنىپ، — مەن شاھزادىگە ياتلىق بولۇشنى خىيال قىلىشقىمۇ پېتىنالمايمەن.

چۈنكى، رەڭگىم قارا، كۆرۈمسىز، شۇڭا شەھەرگە كىرسەم بولمايدۇ. ياساۋۇللارمۇ كىرگۈزمەيدۇ.

— ياق، — دەپتۇ شىۋىرلاپ شامال يەنە، — سىز شەھەرگە كىرىشىڭىز كېرەك، رەڭگىڭىز قارا بولغىنى بىلەن كۆڭلىڭىز ئاق. كىچىك شاھزادە ھەم ئاق كۆڭۈل، ھەم سەمىمىي، مۇلايىم بىر قىز تاللىماقچى، ئۇ شۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان قىزلا ۋاپادار ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى جورا بولالايدۇ، — دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ بىر سېھىرلىك ئەينىكى بار، ئۇ ئەينەك ئۇ كۆتكەن قىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك. كىچىك شاھزادە ئەينىكىمدە كىم كۆرۈنسە شۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن، — دەپ ئەھدە قىلغان. تېز بولۇڭ، مەن سىزنى ئۇچۇرۇپلا ئوردا ئىچىگە ئېلىپ بارىمەن، ھەرگىز قورۇنماڭ!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە غۇي قىلىپلا قارىقىزنى ئۇچۇرۇپ، شەھەر سېپىلىدىن ھالقىتىپ، ئوردا ئىچىگە — نەچچە مىڭ گۈزەل قىز توپلاشقان بىر مەيدانغا ئېلىپ بېرىپ، يەرگە چۈشۈرۈپ قويغاندىن كېيىن يەنە شىۋىرلاپتۇ، — قورۇنماي قىزلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ شاھزادىنىڭ سېھىرلىك ئەينىكى ئالدىغا بېرىڭ.

قارىقىز قارىسا ئاققىز ئاللىبۇرۇن چوڭ شاھزادە تەرىپىدىن تاللىنىپ خانىشنىڭ يېنىدا گىدىيىپ تۇرغان، ھەممىنىڭ كۆزى بولسا كىچىك شاھزادە تىكلەپ قويغان يۇمىلاق ئەينەككە تىكىلىپ قالغان.

قارىقىزنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ، ھەتتا ئوردا ئىچىدىكى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان

ھۆرمەت قاراۋۇللىرىمۇ ئۆزلىرىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. بىرنەچچە چاكار ئۇنى قوغلىۋېتىشكە يۈگۈرۈپتۇ.

— بېرىڭ، — دەپ شىۋىرلاپتۇ شامال يەنە، — شاھزادىنىڭ سېھىرلىك ئەينىكىدە ھېچكىمنىڭ ئەكسى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇنىڭدا چوقۇم سىزنىڭ ئەكسىڭىزلا كۆرۈنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— بېرىڭ، — دەپتۇ قولىدىكى ئاق ئەتىرگۈلمۇ، — چوقۇم شاھزادىنىڭ لايىقى بولۇپ قالىدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن.

قارىقىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈمىدلىنىپتۇ، ئەمما زادىلا شاھزادىنىڭ قىز تاللاش مەرىكىسىگە قاتنىشىش ئويى بولمىغاچ ھەم ئۆزىدە ئىشەنچ بولمىغاچ يەنە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— بارسىڭىزچۇ، — دەپتۇ شامال يەنە شىۋىرلاپ.

قارىقىز ئەمدى پۇتلىرىنى باشقۇرالمايلا قاپتۇ. لەرزان قەدەملىرى ئۇنى ئۇچۇرۇپ سېھىرلىك ئەينەك ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ، مەسخىرە كۈلكىلىرى بېسىقىپ، ھەممىسى تىمتاس بوپتۇ. مەيدان ئەھلىنىڭ ھەممىسى داڭقېتىپ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قاپتۇ. چۈنكى، شۇ چاغدا قارىقىزنىڭ باسقان ئىزلىرىدىن ئەتىرگۈللەر ئۈنۈپ غۇنچىلاپ، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان، زىلۋا، خۇش پىچىم قامىتىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىرگۈل ھىدى تاراشقا باشلىغانىكەن.

قارىقىز شۇ تەرىقىدە سېھىرلىك ئەينەك ئالدىغا بېرىپ توختاپتۇ. شۇ ھامان مەيداندا يەنە قايتىدىن قىقاس - چۇقان

كۆتۈرۈلۈپتۇ.

قىزلار قەلبىنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان كېلىشكەن ۋە چىرايلىق كىچىك شاھزادە ئۇنىڭغا گۈلدەستە سۇنۇپ:

— مەن سىزنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھلىققا تاللىدىم، — دەپتۇ كۈلۈمسىرەپ، — رەڭگىڭىز قارا بولسىمۇ قەلبىڭىز قاردەك ئاق. جىسمىڭىزغا ھەقىقىي گۈزەللىك، ئېسىل پەزىلەتلەر مۇجەسسەملەنگەنىكەن. چۈنكى، مېنىڭ سېھىر-لىك ئەينىكىمنىڭ ئاشۇنداق بىر قىزنى تاللاپ بېرىدىغىنىغا ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

قارىقىز ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن بۇ بەختتىن ۋە ئاڭلىغان ئېسىل سۆزلەردىن ھودۇقۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا قاپتۇ.

شاھ بىلەن خانىش بولسا زەر ھاسىلىرى بىلەن قارى-قىزنىڭ ئەكسى كۆرۈنۈپ تۇرغان سېھىرلىك ئەينەكنى ئۇرۇپ - چېقىپ، غەزەپ بىلەن تولاپتۇ:

— ھەي ھاماقەت، چۆرىلىككىمۇ يارىمايدىغان بىر سەت قارىقىزنى تاللىغىنىڭ نېمىسى؟! پەقەت كۆزى كور كىشىلا ئۇنى تاللايدۇ، تېز ئۇنى قوغلىۋەت! بىزنى ئىزا-ئاھانەتكە قويۇپ ئەل - جامائەت ئالدىدا شەرمەندە قىلما! تېز بول! بۇ قارا ئالۋاستىنى قوغلاپ، ئاكاڭ تاللىغاندەك چىرايلىق قىزدىن بىرنى تاللا!

—سېھىرلىك ئەينەكتە كۆرۈنگەن قىزلا مېنىڭ ئۆ-مۈرلۈك بەخت يۇلتۇزۇم، ۋاپادار جۈپتۇم، — دەپتۇ كىچىك شاھزادە چېقىلغان ئەينەككە ئېچىنىش بىلەن قاراپ، —

قاراڭلار، ئۇنىڭ ھەر پارچىسىدا يەنىلا بۇ قىزنىڭ ئەكسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، مەن ئەينەكتە ئەكسى كۆرۈنگەن مۇشۇ قىزدىن باشقا ھەرقانداق قىز بىلەن توي قىلمايمەن!

سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلىگەن قېرى شاھ ساقاللىرىنى تىترىتىپ توۋلاپ كېتىپتۇ:

— تېز كۆزۈمدىن يوقال! بۇ قارا ئالۋاستى بىلەن نەگە بېرىشنى خالىساڭ شۇ يەرگە كەت، ھازىرلا شەھەردىن چىقىپ كەت، مەڭگۇ قايتىپ كەلگۈچى بولما!

كىچىك شاھزادە ئىككىلەنمەستىن قارىقىزنى يېتىلەپ شەھەر سىرتىغا مېڭىپتۇ. قارىقىزنىڭ شاھزادىگە رايىدىن يېنىش ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىمۇ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ. شۇ ماڭغانچە شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. بەزىلەر شاھزادە ئەخمەقلىق قىلدى دېسە، بەزىلەر شاھنى باغرى تاشلىق قىلدى دېيىشىپتۇ ۋە بەزىلەر قارىقىزنى جادۇگەرلىكتە ئەيىبلىسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا يولۇققان بۇ ئامەتكە تىللىرىنى چاكىلدىتىپتۇ... ئىشقىلىپ ، تىلى بارنىڭ ھەممىسى ھەرنېمە دېيىشىپ قاپتۇ.

شاھزادە بىلەن قارىقىز بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىۋېرىپ ئاخىر باش - ئايىغىغا كۆز يەتمەس بىر چۆل - جەزىرىگە بېرىپ قاپتۇ. ئەمدى قاياققا مېڭىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا قارىقىز يول بويى قولىدىن چۈشۈرمەي ئويناپ كەلگەن ئاق ئەتىرگۈل يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان يەنە بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ چۆل - جەزىرە

بىردىنلا يېشىل چىم، ئاق ئەتىرگۈللەر بىلەن پۈركەنگەن، چەشمىلەر بۇلدۇقلاپ، سۇلىرى تارام - تاراملاپ ئېقىپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل، خۇش ھاۋالىق بىر گۈلچىمەنزارغا ئايلىنىپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن چەكسىز شادلانغان شاھزادە قارىقىز بىلەن مۇشۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىش مەسلىھىتىدە بوپتۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر تېخى يوق ئىكەن.

بۇ چاغدا قارىقىز يىگىتكە پەرىزات سوۋغا قىلغان بىر خالتا گۆھەر - ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتنى بېرىپتۇ، شاھزادە ئۇنىڭ ھەر يىلى پادىشاھ خەزىنىسىدىكى ھەممە بايلىقنىڭ قىممىتى بىلەن تەڭ ئېسىل گۆھەرلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر يانچۇقىغا لىق تولدۇرۇپ قوشنا مەملىكەت بازىرىغا بېرىپتۇ. گۆھەرلەرنى ھېسابسىز پۇلغا سېتىپ، نەچچە مىڭ ئىشلەمچى ياللاپ گۈلچىمەنزارلىققا قايتىپتۇ. بۇ يەردە ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر كاتتا ئوردا-ساراي بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ئۆز تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ھەممە نەرسىلەرنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. بۇ يەرگە مېھرى چۈشكەن ئىشلەمچىلەرمۇ ئوردا پۈتكەندىن كېيىن ئوردىنى چۆرىدەپ ئۆزلىرىگە ئۆي سېلىشىپ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ماكانلىشىپ قاپتۇ. بارا - بارا ماكانلىشىدىغانلار كۆپىيىپتۇ. خىلمۇخىل ھۈنەر- كەسىپلەر راۋاج تېپىپ، تېزلا بۇ يەردە ئاۋات بىر شەھەر پەيدا بوپتۇ. كىچىك شاھزادە شەھەرگە پادىشاھ، ئاقىل دانىشمەنلەر ۋەزىر ۋە بەگ تۆرە بولۇپ شەھەرنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپتۇ. شۇ ئىشلاردىن كېيىن شاھزادە شەھەر ئەھلىگە قىرىق كېچە-

كۆندۈز زىياپەت بېرىپ قارىقىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. قارىقىز-نىڭ ئانىسىنىمۇ قېشىغا ئەكېلىپ، ئۆز ئانىسى ئورنىدا كۆرۈپ، ئىززەتلەپ، راھەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارىقىز ئانىسى بىلەن ئېد-گىز قەسىرنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ئاققىزنى ياد ئېتىپ مۇڭ-دىشىپ ئولتۇرغىنىدا ئوردا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر قىزغا بىردىنلا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان، پاخپايغان چاچلىرى رومىلىنىڭ يىرتىقلىرىدىن چىقىپ قالغان، بىر تاياققا تايىنىپ ئاران - ئاران دەسسەپ كېتىۋاتقان، ھالى بەكمۇ خاراب ئىكەن.

قارىقىزنىڭ ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ خىزمەتچىلەر-گە بۇيرۇپتۇ:

— قىزلار، تېز چىقىپ ئاۋۇ بىچارىنى ئېلىپ كىرىڭ-لار.

كېنىزەكلەر چىقىپ ھېلىقى بىچارىنى ئېلىپ كىرىپ-تۇ، قارىقىز بىلەن ئانىسى ئۇنى يېقىندىن كۆرۈپلا: «ۋاي ئاچام، ۋاي بالام» دېيىشىپ چاچراپ تۇرغىنىچە قۇچاقلى-شىپ كۆرۈشۈپ بىرھازا يىغا -زار قىلىشىپتۇ، بۇ قىز ئەسلىي ئاققىز ئىكەن. ئاندىن سوراپتۇ:

— ۋاي قىزىم، چوڭ شاھزادىنىڭ خوتۇنى بولغانى-دىڭ، نېمە قىسمەتلەر تۈپەيلى بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ بىراق، ئانىسى گەپ سوراش بىلەنلا ئاققىز قايتىدىن كۆز يېشى قىلىپ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالماپتۇ، قارىقىز بولسا ئۇنى ئالداپ - سىلاپ يىغىدىن توختىتىپ چاچلىرىنى ئۆز قولى بىلەن يۇيۇپ تاراپتۇ. ئېسىل كىيىندۈرۈپتۇ، ئاندىن

ياخشى يېدۇرۇپ، ياخشى ئىچۈرۈپتۇ. ئاققىز رەڭگىرويى ئېچىلىپ ئەسلىدىكى گۈزەل قىياپىتىگە كەپتۇ.

شۇ چاغ كىچىك شاھزادە كىرىپ كەپتۇ. سالام - سەھەت قىلىشىپ ھال - ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئاققىزنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. ئاققىز بولسا ئاچچىق پۇشايمان ياشلىرىنى تۆككىنىچە «تەكەببۇر، ھۇرۇن، سۆلەتۋاز، مۇز چىراي، قوپال...» دېگەندەك يامان ئاتاقتا قېلىپ ھەممىگە يامان كۆرۈنۈپ قالغىنى، ئاخىر ئېرىنىڭ ۋە شاھ بىلەن خانىش قاتارلىق بارچە ئوردا ئەھلىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قوغلاندى بولغانلىقىنى بايان قىپتۇ.

كىچىك شاھزادە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ئېرى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشقا ۋەدە قىپتۇ، ئاندىن مەكتۇپ بىلەن ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

كىچىك ئوغلىغا ئارتۇقچە قاتتىقلىق قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ تۇرغان قېرى شاھ بىلەن خانىش ۋە چوڭ شاھزادىلەر ئەلچىدىن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپلا كىچىك شاھزادە تەرەپكە كەپتۇ. ھەممەيلەن جەم بولۇپ شادلىق مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپتۇ. مەرىكە قىزىغاندا كىچىك شاھزادە ئاققىزنىڭ ئۆزىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تونۇپ، پۇشايمان قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئاكىسى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى شەھەرگە ئىككى شاھزادە ھۆكۈمران بولۇپ، ئۆز جۈپلىرى بىلەن ئۆمۈرۋايەت بەختلىك ياشاپتۇ.

# ئۆچقۈنبالا - پەرۋانەقىز

يىراق بىر زامانلاردا، ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر جايدا بىر ئۆچقۈن ئوت يالقۇنىدىن ئايرىلىپ شامال بىلەن ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇ ئۆچۈپ قالماپتۇ، چۈنكى ئۇ ياشاشنى خالايدىكەن ھەم قەيسەرلىك بىلەن ئۆچۈپ قالماسلىققا تىرىشىدىكەن.

ئۇ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، بىر چاغلاردا قەدىمىي ئورمانلىق يېنىدىكى چىملىقتا تەنھا پومزەك ئويناۋاتقان بەكمۇ ئوماق ۋە چىرايلىققىنە بىر قىزچاققا يىلۇقۇپتۇ.

ئۆچقۈن بۇ قىزچاقنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە پومزەك ئوينىغۇسى، ئاندىن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇسى كەپتۇ، بىراق بۇنىڭغا قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن.

ئۆچقۈن بىرھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ئاخىر: «ئاھ! قۇدرىتى چەكسىز ئۇلۇغ تەڭرىم، مېنى بىر ئىنسان بالىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، ئاشۇ قىزچاققا ھەمراھ بولۇپ بىللە ئوينىۋالسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە! !» دەپتۇ پىچىرلاپ.

ئۇنىڭ بۇ گۆدەكلەرچە تىلىكى تەڭرىنى تەسىرلەندۇر-

دىمۇ، ئەيتاۋۇر شۇ چاغ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۇچقۇن بارا ـ بارا چوڭىيىپ ئۆزگىرىپ، ئاخىر ئالتۇن چاچلىق، چىرايلىققىنە بىر ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

ئۇچقۇنبالا شۇنىڭدىن كېيىن سەكرەپ، تاقلاپ قىزـ چاقنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، ئۇ خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇـ رالمايلا قاپتۇ.

— سالام قىزچاق، — دەپتۇ ئۇ قىزچاقنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن، — سىزگە ھەمراھ بولۇپ، بىللە ئويندـ سام بولامدۇ؟

— سىز كىم بولىسىز؟ — سوراپتۇ قىزچاق ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن.

— مەن ئۇچقۇنبالا، — دەپتۇ ئۇچقۇنبالا جاۋاب بېـ رىپ، — ئاتا ـ ئانامۇ، ئۆيۈممۇ يوق، تەنھا ياشايمەن.

— ۋاي بىچارە، — دەپتۇ قىزچاق ئىچ ئاغرىتىپ، — ئاتا ـ ئانىڭىز بولمىسا ھالىڭىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ ئۆيىڭىز بولمىسا قەيەردە پاناھلىنىسىز؟

— مەن بىرەرسىنىڭ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشىغا موھتاج ئەمەس، — دەپتۇ ئۇچقۇنبالا، — ئۆيىنىڭمۇ كېرىكى يوق، پەقەت مەن بىلەن بىللە ئويناشنى خالىسىڭىزلا ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېسابلايتتىم.

— بىللە ئويناشنى خالايمەن، — دەپمۇ قىزچاق خۇـ شاللىق بىلەن، چۈنكى ئۇ ئۇچقۇنبالىنى ياقتۇرۇپ قالغانـ كەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىللە پومزەك ئېتىشىپ ئويناپـ تۇ، ئوينىغاندىمۇ بەك كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ. بىراق، شۇ

ئارىدا بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. نېمە بوپتۇ دېمەمـ
سىز، قىزچاقنىڭ رەڭدار مەشۈت يىپلار بىلەن گۈل كەشـ
تىلەنگەن چىرايلىق پومزىكى كۆچەپرەك ئېتىلىپ كەتكىنى
ئۈچۈن ئورمانلىققا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

«ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» قىزچاق مەيۈسلىنىپ
يىغلاشقا باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇ، بەك ياخشى كۆرىدىغان پومـ
زىكىدىن ئايرىلىپ قالدى ـ دە.

ئۈچقۇنبالا نېمە قىلىشنى بىلمەي سەل تېڭىرقاپ قالـ
غاندىن كېيىن:

— قىزچاق، يىغلىماڭ، قايغۇرماڭ،— دەپتۇ قىزـ
چاقنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ،— مەن ئورمانـ
لىققا كىرىپ پومزىكىڭىزنى تېپىپ ئاچىقىپ بېرەي.

— بۇ ئورمانلىق بەك قورقۇنچلۇق، بارسىڭىز بولمايـ
دۇ،—دەپتۇ قىزچاق يىغىدىن توختاپ.

— قورقمايمەن،— دەپتۇ ئۈچقۇبالا،— مەن بېرىپلا
كېلەي، سىز مۇشۇ يەردە مېنى كۈتۈڭ.

— بولمايدۇ،— دەپتۇ قىزچاق،— مەنمۇ بىللە باردـ
مەن، سىزنى ھەرگىز يالغۇز بارغۇزمايمەن،— ئۇنىڭ
ئۈچقۇبالىنى قورقۇنچلۇق ئورمانلىققا يالغۇز ئەۋەتكۈسى
يوق ئىكەن.

— ئىككى ئادەم بىللە بارسا ياخشى ئەمەسمۇ،— ئۇ
چاغدا بەك قورقۇپمۇ كەتمەيمىز، بىرەر خەتەرلىك ئىش يۈز
بەرسىمۇ بىر ـ بىرىمىزگە ھەمدەم بولالايمىز.

ئۈچقۇنبالا قىزچاقنى كۆندۈرەلمەي ئاخىر بىللە بېـ
رىشقا قوشۇلۇپتۇ. ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ پومزەك چۇـ

شۇپ كەتكەن تەرەپكە مېڭىپتۇ.

ئورمانلىقتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخ - يوپۇرماق-لىرى بەك قويۇق، بۇك - باراقسان بولغاچقا، ئورمانلىق ئىچىگە كۈن نۇرى چۈشمەيدىكەن يا بىرەر ئۇچار قانات، يا بىرەر ھايۋاننىڭ دېرىكى يوق ئىكەن، بۇ ئورمانلىق ئاشۇنداق ئاجايىپ بىر سۈرلۈك جاي ئىكەن.

ئۇلار ئورمانلىققا قەدەم باسقاندىن كېيىن تەسلىكتە يول ئېچىپ مېڭىپ پومزەكنى ئىزدەپتۇ. ئاخىر پومزەكنى-مۇ تېپىپتۇ. لېكىن، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئورمانلىققا كىرگەن يولنى تاپالماپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپ بارغان-سېرى قاراڭغۇلىشىپ ئاخىر ھەممە يەرنى زۇلمەت پەردىسى ئوراپتۇ.

باللار بىر - بىرىنى يېتىلەپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپتۇ. بۇ يەردە ئى-شىك - دېرىزىلىرى ئۆمۈچۈك تورى بىلەن پەردىلەنگەن بىر قىيسىق كەپە بار ئىكەن. كەپە ئەتراپى سېسىق سۇ يىغىل-غان كىچىككىنە سازلىق بولۇپ زەھەرلىك يىلانلار مىغىل-داپ تۇرىدىكەن.

— جادۇگەر كەمپىرنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قاپ-تۇق، — دەپتۇ قىزچاق قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ، — تېزرەك كېتىۋالايلى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە زۇلمەت قاپلىغان ئورمانلىق ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. لېكىن، مېڭىش بەك قىيىنلى-شىپتۇ. چۈنكى، چاتقاللار ۋە قويۇق شاخ - يوپۇرماقلار ئۇلارنىڭ يولىنى توراپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار جېنىنىڭ بارىچە

تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىلگىرىلەپتۇ، لېكىن ئورمانلىق-نىڭ سىرتىغا چىقالماپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇلارغا:

— قاچماڭلار قوزىلىرىم، بۇ چۇشۇڭلاردىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، قايتىپ كېلىڭلار، — دېگەن بىر سەت چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز ئورمانلىققا كىرىپ قالغانلىكى ئادەم ۋە هايۋانلارنى تۇتۇپ يېمەكلىق قىلىدىغان جادۇگەرنىڭ ئاۋازى ئىكەن. ئارقىدىنلا يۇزلىرىنى ئۆمۇ-چۇك توردەك قورۇق قاپلىغان، پاخمىۋاش، ئىلمەك بۇ-رۇن قېرى جادۇگەر كەمپىر يىلان باشلىق هاسىسىغا تايى-نىپ، دوڭغاقلاپ يېتىپ كەپتۇ. دەل - دەرەخ ۋە چاتقاللار ئۇ كەلگەن هامان ئىككى تەرەپكە قايرىلىپ يول ئېچىپ تۇرۇپتۇ. چۇنكى، ئۇلار هەممىسى جادۇگەرنىڭ سېھىر - ئەپسۇنلىرى تىزگىنىدە ئىكەن. ئۇچقۇنبالا:

— مەن سىزنى قوغداپ، جادۇگەرنى توسۇۋالاي، سىز بار كۇچىڭىز بىلەن يۇگۇرۇپ ئورمانلىقتىن چىقىۋې-لىڭ.

— ياق، — دەپتۇ قىزچاق قەتئىيلىك بىلەن، — نېمە كۆرسەڭ بىللە كۆرىمىز، سىزنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەيد-مەن.

ئۇچقۇنبالا يەنىلا قىزچاقنى ئاۋۋال كېتىشكە ئۇندەپ-تۇ، ئۇلار شۇنداق تېرىكىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز دەرەخ شاخ-لىرى سوزۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى چىرمىۋاپتۇ. ئۇلار مىد-دىرلاشقىمۇ ئىمكان تاپالماپتۇ.

— خەير - خوش، ئۇچقۇنبالا، — دەپتۇ قىزچاق يىغ-لامسىراپ، — بۇ پالاكەتكە دۇچار بولۇشىڭىزغا مەن سەۋەب-

چى بولدۇم، مېنى ئەپۇ قىلىڭ.

«ئىسىت» دەيدىكەن ئۇچقۇنبالا بولسا ئۆز كۆڭلىدە: «قىزچاقتا ئۇۋال بولىدىغان بولدى، ئۇ نېمىدېگەن ئۇماق، سۆيۈملۈك قىزچاق ئىدى. ھە! ؟ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالىسام نېمىدېگەن ياخشى ئىش بولاتتى…»

دەل شۇ ۋاقىتتا قىزچاق يەنە چاقىرىپتۇ.

— ئۇچقۇنبالا!

ئۇچقۇبالا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەسلىي بىر تال ئۇچقۇن ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن توۋلاپتۇ:

— قىزچاق، قايغۇرماڭ، مەن سىزنى قۇتقۇزىمەن. ئارقىدىنلا ئۇ ئاسمانغا قاراپ شىۋىرلاپتۇ:

— ئاھ! قۇدرىتى چەكسىز ئۇلۇغ تەڭرىم، تىلەكلىرىمنىڭ ئىككىنچىسىنى، شۇنداقلا ئاخىرقىسىنى ئىجابەت قىلىپ، مېنى ئەمدى ئۇچقۇن ھالىتىگە قايتۇرغان بولساڭ.

شۇ ھامان يەنە مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. ئۇچقۇنبالا كىچىكلەپ ئۆزگىرىپ ئاخىر يەنە ئۇچقۇن ھالىتىگە قايتىپتۇ. زۇلمەت قاپلىغان ئورمانلىق ئىچىدە گويا نىجادلىق يۇلتۇزىدەك پارلاپتۇ.

قىزچاق ئۇنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى ئاڭلاپتۇ. شۇڭا، ئۇ قايغۇرۇپ:

— ئۇچقۇنبالا، ئۇچقۇنبالا، ئەسلىڭگە يانما،— دەپتۇ يىغلاپ تۇرۇپ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇچقۇنبالىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىكەن. ئۇچقۇن ھالىتىگە قايتىسىلا بۇ قاراڭغۇ ۋە بۇرۇقتۇرما ئورمانلىق ئىچىدە تېزلا ئۆچۈپ، يوقاپ كېتىد-

شىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن. بىراق، ئۇچقۇنبالا ئەمدى ئۇ-نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمايدىكەن، چۈنكى شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۇچقۇن ھالىتىگە قايتىپ بولغانىكەن.

«كىچىككىنە ئۇچقۇن نېمە ئىشلارنى قىلالار» دەپ ئويلىغانسىز، ئۇچقۇن قۇرۇق ئوت - خەس، غازاڭلار ئۈس-تىگە چۈشۈپ تېزلا چوڭ يانغىنغا ئايلىنىپتۇ، قىزچاقنى چىرمىۋالغان شاخ - چاتقاللارنى كۆيدۈرۈپتۇ، بىراق قىز-چاققا قىلچىلىك زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەپتۇ، ئاندىن ئۇ سېھىرلەنگەن مۇدھىش ئورمانلىققا يامراپتۇ، ئىبلىس جا-دۇگەر كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ قوغلاپتۇ، قاراڭغۇ - زۇلمەت پەردىسىنى يىرتىپ، قىزچاقنىڭ قېچىشى ئۈچۈن يول ئېچىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئۈچۈن جادۇگەر كەمپىر بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كەپتۇ.

قېرى جادۇگەر ئەپسۇن بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئوت-نى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ، ئوت بولسا قەيسەرلىك بىلەن تېرىكىشىپ، ئۆچۈپ قالماسلىققا تىرىشىپتۇ، بەلكى تېخى-مۇ ئۇلغىيىپ ئورمانلىقنى ۋە جادۇگەر دەللىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئوت-تۇرىسىدا دەھشەتلىك بىر مەيدان جەڭ بوپتۇ، ئوت يالقۇن-لىرى نۇرغۇن ئادەم ۋە جان - جانىۋارلارنى نابۇت قىلغان ئورمانلىقنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىپتۇ، جادۇگەر بەرداشلىق بېرەلمەي سازلىققا قېچىپ بېرىۋاپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئار-قىسىدىن ئوت يالقۇنلىرىمۇ قوغلاپ بېرىپتۇ، سازلىق سۈيى ۋاراقشىپ قايناپ، زەھەرلىك يىلانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ-تۇ. بىراق، ئوتمۇ ھالسىزلىنىپ بارا - بارا پەسىيىشكە باشلاپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان شامال يوق

ئىكەن. جادۇگەر شامالنى بەند قىلىۋەتكەن، شۇنداقلا ئوتنى تەلتۆكۈس ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن توختىماي سۇ پۈركۈپ تۇرغانىكەن.

دەل شۇ ھالقىلىق پەيتتە قىزچاق يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئېتىكى بىلەن ئوتنى يەلپۈپ، مەدەت بېرىپ ئۇلغايتىپتۇ، ئۇلغايغان ئوت قايتىدىن جادۇگەرگە ئېتىلىپ بېرىپ، يامىشىپ كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ئىبلىس جادۇگەر شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى قىزچاققا تىكىپتۇ-دە، بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپتۇ، شۇ ھامان قىزچاقنىڭ تېنى كىچىكلەپ قورتچىلىك بولۇپ قاپتۇ. كۆڭلىكى بولسا سۇزۈككىنە بىر جۈپ قاناتقا ئۆزگىرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، قىزچاق ئادەم سىياقىدىن ھاشارات — پەرۋانىگە ئايلىنىپ قاپتۇ، بىراق ئۇ يەنىلا كىچىككىنە قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ ئوتنى يەلپۈۋېرىپتۇ. ئوتمۇ ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىپ، جادۇگەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىپتۇ، لېكىن ئۆزىمۇ دەرمانسىزلىنىپ، يەنىلا ئۇچقۇن ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ، جادۇگەر يوقىلىپ، بەندتىن قۇتۇلغان سالقىن شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ.

پەرۋانە قىز بولسا خۇددى ئۇچقۇنبالىنى ياخشى كۆرگەندەك ئۇچقۇنبالىدىن ئۆزگەرگەن ئۇچقۇننىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇمۇ ئۇچقۇننى قوغلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ ۋە مەڭگۈ ئۇچقۇن ياكى ئۇچقۇندىن ئۇلغايغان ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپلا قالسا ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتىدىغان ياكى ئۇنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ، توختىماي قاناتلىرى بىلەن يەلپۈيدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ.

# ئالمىقىز

قايسى زامانلار ئىدىكىن، خىلۋەت بىر جاڭگال ياقىسىدا بىر جۈپ بوۋاي - موماي ياشىغانىكەن، ئۇلار نامراتلىقىدىن ئەتىگىنىگە تاپسا كەچلىكىگە يوق، يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزىدىكەنۇ، لېكىن مېھنەتسىز بايلىق تەمەسىدە بولمايدىكەن، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمگەك قىلىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مۇساپىلىرىنى تىنچ ئۆتكۈزمەكتە ئىكەن.

بىراق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئاجايىپ بىر ھادىسىگە يولۇقۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش يولىدا بىرمۇنچە ئەگرى - توقايلىقلار يۈز بېرىپ ۋە ئاخىرىدا بوۋاي - مومايىنى جاپالىق تۇرمۇش ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالاس قىلىپ، بەخت قەسىرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ نېمە ئىش دەمسىز؟

جاھان ئىللىپ، ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەنگەن باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بوۋاي جاڭگالغا ئوتۇن ئەكىلىشكە مېڭىپتۇ، لېكىن شۇ كۈنى نېمە ئۈچۈندۇر يولدىن ئېزىپ، تۈپرىقى قاغجىراپ كەتكەن بىر جايغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردە يەككە - يېگانە بىر تۈپ ئالما كۆچىتى بار بولۇپ،

سۇسىز قالغاچقىمىكىن چىچەكلىرى قالماي تۆكۈلۈپ، يۇمران بىخ - يوپۇرماقلىرىمۇ يىگىلەشكە باشلىغانىكەن.

بوۋاي يېتىپ بېرىشىغا ئالما كۆچىتى بىردىنلا شىلدىرلاپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

ئەي مېھرىبان بوۋاجان،
ماڭا ياردەم قىلسىڭىز.
قومۇرۇپ سۇ بار جايغا،
يۆتكەپ تىكىپ قويسىڭىز.

بوۋاي بۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران قاپتۇ، لېكىن ئۇ ئاق كۆڭۈل ۋە رەھىمدىل، باغرى يۇمشاق بولغاچقا، دەرھال ئوتۇنغا بېرىش ئىشىنى تاشلاپ، ئالما كۆچىتىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش باشلاپتۇ، ئاۋۋال كەكىسى بىلەن تۇپراقنى يۇمشىتىپ، ئاندىن كۆچەتنى قومۇرۇپتۇ - دە، كەلگەن يولى بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ.

بوۋاينىڭ كەپىسى ئالدىدا قىش - ياز بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بار ئىكەن، بوۋاي بۇلاق بويىغا كۆچەتنى ئاۋايلاپ تىكىپتۇ، سۇغىرىپتۇ، ئالما كۆچىتى تەشەككۇر ئېيتىپ شۇنداق ناخشا ئوقۇپتۇ:

رەھمەت سىزگە بوۋاجان،
قىلدىڭىز كۆپ ياخشىلىق.
قايتۇرايمەن بىر سوۋغا،
چوقۇم سىزگە ياراملىق.

بوۋاي خوشال - خورام ئۆيگە يېنىپتۇ، بوۋاينىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ: «ئوتتۇن تېرىپ بازاردا ساتسا، پۇلىغا ئۇن ئېلىپ قايتسا، ئوخشىتىپ بىر غىزا ئەتسەم، بىر تويۇۋالساق...» دېگەندەك شېرىن خىياللار بىلەن ئولتۇر-غان موماي بوۋاينىڭ تەرلەپ - تەپچىپ كەتكەن بولسىمۇ قۇرۇق قول كىرگىنىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغىنىنى سوراپتۇ، بوۋاي قىلغان ئىشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، موماي-مۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ھەمشېرىك بولۇپ«بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈن ئاچ قالساقمۇ ئەرزىگۇدەك» دەپتۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆز- ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا بوۋاي بىلەن موماي ئالما كۆ-چىتىنى سۇغىرىپ قويغىلى چىقىپ كۆچەت شېخىدا سۇس قىزىل ئېچىلغان بىر تال چېچەكنى كۆرۈپتۇ، ھەتتا باھار شامىلىمۇ ئۇنىڭ ھىدىنى ئېلىپ غۇرقىراپ كەپتۇ.

نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، چېچەك ئورنىدا پۇرچاقچىلىك بىر تال ئالما غورىسى چۈشۈپتۇ، بوۋاي - مومايلار قولى بىكار بولسىلا ئالما كۆچىتى يېنىغا كېلىپ سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇپتۇ، ئالما غورىسىمۇ كۈنسېرى يوغى-ناپتۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن تاۋاقتىن يوغان، چوغدەك قىزىل، تېپىلغۇسىز ئېسىل مېۋە بوپتۇ، كۈنلەر ئۆتكەنـ-سېرى پىشىپ ۋايىغا يېتىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ئالما دەرىخى ئەتراپىدا غۇيۇلداپ يۇرگەن شوخ شامال ئۇنى لىڭشىتىپ يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. شۇ ھامان ئالما ئاجايىپ چىرايلىق ۋە ئوماق بىر قىزغا ئايلىـ-نىپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىكى چوغدەك قىزىل يىپەكتىن، كە-

شى يېشىل زۇمرەتتىن بولۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئالما ھىدى تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن. شۇغىنىسى بويى بىر غېرىچ، قىيغاچ قاشلىرى، تال - تال كىرپىكلىرى، ھەتتا بوستان چاچلىرىمۇ ياپيېشىل يىپەكتەك ئىكەن. بۇ تەرەپلىرى زا- دىلا ئىنسانغا ئوخشمايدىكەن، چۈنكى ئۇ ئالمىدىن ئۆز- گەرگەن قىز -دە.

شۇنداق قىلىپ، ئالمىقىز دۇنياغا كەپتۇ. شامال ئۇ- نىڭ چىرايلىق تۇرق - سىياقى، رەڭگى - رۇخسارىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ قۇلىقىغا ئاستاغىنە شىۋىرلاپتۇ: «ئاھ! كىچىككىنە ئوماق قىز، سىز نېمىدېگەن سۆيۈم- لۈك، نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! ؟ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز- گە مۇيەسسەر بولغۇچى چوقۇم دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشى، مۇشۇ مىنۇتتا مەن ئاشۇ بەختىيار كىشى بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىۋاتىمەن...»

ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرى تېخى تۈگىمەستىنلا، ئۇياق- چان ئالمىقىز شەپەقتەك قىزارغىنىچە بوۋاي - مومايلارنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كىرىپتۇ.

ئۇنى كۆرگەن بوۋاي - موماي: «پەرىشتە بولسا كې- رەك» دەپ ئويلىشىپتۇ - دە، كەلسىلە كىچىك پەرىشتە، ۋەيرانە كەپىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىدىن بەكمۇ خۇشالىمىز، — دەپتۇ تەكەللۇپ قىلىپ.

ئاندىن موماي: «ئۇلتۇرسا چىرايلىق كۆڭلىكى توپىغا مىلەنمىسۇن» دەپ كونىرىغان بولسىمۇ پاكىز ئاق لېچىكى- نى تۆت قاتلاپ سېلىپ ئالمىقىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ، ئاندىن قەيەردىن، نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالغى-

ىىنى سوراپتۇ.

— مەن ئالما كۆچىتىنىڭ سىلەرگە قىلغان سوۋغىتى، — دەپتۇ ئالمىقىز، — ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇشقا كەلدىم، ئىككىلىرىگە پەرزەنت بولسام دېگەن ئۈمىدتىمەن.

بوۋاي بىلەن موماي چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە ئالمىقىزنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىپتۇ، بوۋاي شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئالمىقىز ئۈچۈن كىچىككىنە كارىۋات ياساپتۇ، موماي ئۆيدە باركى پۇرۇچ لاتىلارنى يىغىپ يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، كىچىككىنە يوتقان - كۆرپە، ياستۇق تەييارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالمىقىز بۇ ئۆيدە ماكانلىشىپ قاپتۇ.

ئۇ ھەر كۈنى يېقىن ئەتراپتىن تاشئالما، جىگدىلەرنى تېرىپ كېلىپ بوۋاي - مومايغا بېرىدىكەن، بەزىدە چىرايلىق ياۋا گۈللەرنى ئۈزۈپ كېلىپ، مومايىنىڭ ئۈچتەك ئاقارغان چاچلىرىغا قىسىپ قويىدىكەن، بەزىدە ئىنچىكە ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ بەرسە، بەزىدە يۇمىلاق شىرە ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئالمىقىز ئۇلارغا چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمىسىمۇ تۇرمۇشىغا خۇشاللىق بېغىشلاپتۇ. بوۋاي - مومايىنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرىدىن دائىم كۈلكە كەتمەپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياشىرىپ قالغاندەك خېلى تېتىك ھېس قىپتۇ، ئالمىقىز ئۇلارغا بەخت ئېلىپ كەپتۇ. ئالمىقىز يەنە ئۆيدىكى ئالا ئاسلان بىلەن دوست بوپتۇ، ئۇنى ئات قىلىپ بىللە ئويناپتۇ، شامالچاقمۇ دائىم كېلىپ ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قوشۇلۇپتۇ، بەزىدە ئۇلارنى ئاسماندا ئۇچۇ-

رۇپ ئوينىتىپتۇ، ئۇلار بەكمۇ ئىچىكىشىپ قاپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، قىش يېقىنلاپتۇ، شامالچاق ئەمدى يىراق - يىراقلاردىكى ئىسسىق رايونلارغا كېتىدىغان بوپتۇ.
— سىزنى بىللە ئېلىپ كېتەيچۇ، — دەپتۇ ئۇ خوشلىشىش ئالدىدا ئالمىقىزغا، — مەن جەنۇبقا كېتىمەن، ئۇ يەر بەك گۈزەل، بەكمۇ ئاۋات، پەقەتلا قىش بولمايدۇ، يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە مېۋىلەر پىشىپ، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدۇ، بارسىڭىز ئۇلار سىزنى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى، يېڭى دوستلىرىڭىز كۆپىيەتتى، تېخى يول ئۈستىدە كۆڭۈللۈك ساياھەت قىلىۋالاتتىڭىز.
— بولمايدۇ، — دەپتۇ ئالمىقىز، — بوۋام بىلەن موماممۇ قېپقالىدۇ، ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن، ئۇلار ماڭا موھتاج.
— خەير، — دەپتۇ شامالچاق ھەسرەتلىك تىنىپ، — سىز بىلەن بىللە بولغىنىمدا ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتىم. سىزدىن ئايرىلىش ماڭا بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتىدۇ.
— كەتمىسىڭىز بولمامدۇ؟ — سوراپتۇ ئالمىقىزمۇ خورسىنىپ، — بىز داۋاملىق بىللە بولساق نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك بولاتتى - ھە؟!
— كەتمىسەم بولمايدۇ، — دەپتۇ شامالچاق يەنە، — قىش پەسلىدە شىمالدىن كېلىدىغان سوغۇق شامالغا ئورۇن بوشىتىشىم كېرەك. بىراق، قىش ئۆتۈپ كەتكەن ھامان

مەن يەنە كېلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن شامالچاق ئالمىقىز بىلەن خوشلىشىپ جەنۇب تامان غۇيۇلداپ كېتىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ يولى ئۈستىدە بىر شەھەر، شەھەردە ئاچ كۆز ۋە بېخىللىقتا نامى چىققان بىر باي بار ئىكەن، شامالچاق باينىڭ ئۆز قورۇسىدا ئىلگە-رى نامراتلارغا قەرز بەرگەن بۇغدايلىرىنى بىرىنى ئىككى-ئۈچ قىلىپ قايتۇرۇۋېلىۋاتقان، قايتۇرۇۋالغانىنىڭ بىر قىسمىنى ئامبىرىغا توشۇتقۇزسا، يەنە بىر قىسمىنى ئۆگ-زىگە قۇرۇتۇش ئۈچۈن يېيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

شامالچاق بۇنى كۆرۈپلا بوۋاي - مومايىنى ئەسلەپ: «بۇ بۇغدايلاردىن ئازراق بولسىمۇ بوۋاي - مومايغا ئاپىرىپ بەرسەم، قىشچە ئاچ قالمىغۇدەك، بۇنداق بېخىل، ئاچ كۆزلەرنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالساق ھېچقانداق يامىنى يوق-قۇ، چۈنكى ئۇ نامرات دېھقانلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، بىر خالتا كەلگۈدەك بۇغدايىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، ئەمدىلا ئۆگزىگە بۇغداينىڭ يېيىتىلى-شىنى كۆرۈپ باققىلى چىققان باي بۇنى كۆرۈپلا:

— ۋاي مېنىڭ بۇغدىيىم، — دەپ توۋلىغىنىچە شامال-چاقنى قوغلايمەن دەپ ئۆگزىدىن يىقىلىپ پۇتى سۇنۇپ ۋايجانلىغىنىچە قاپتۇ.

شامالچاق كەينىگە يېنىپ ئۇچقانچە بوۋاينىڭ كەپىسى ئالدىغا كەپتۇ، بۇغدايىنى پاكىز يەرگە تۆكۈپ قويۇپ، ئال-مىقىز بىلەن ئۇچرىشىپتۇ - دە، جازانىخور، بېخىل باينىڭ بۇغدىيىنى ئۇچۇرۇپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ قايتى-دىن خوشلىشىپتۇ. ئالمىقىزمۇ يىغلا تېرىپ كەلگەن ياۋا

گۈللەرنى يوللۇق تۇتۇپ ئۆزتىپتۇ.

شامالچاق ئۆز يولىغا تىنچ كەتكەن بولسىمۇ ھېچبىر تىلغا ئالغۇدەك ئىش يۈز بەرمەسكەن، بىراق ئۇ ئەكېلىپ قويغان بۇغداي بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېرىپتۇ، نېمە ئىش دەمسىز؟

بۇ چاغدا بوۋاي جاڭگالدىن ئوتۇن يۇدۇپ قايتىپتۇ، ئالمىقىز شامالچاقنىڭ بۇغداينى قەيەردىن، قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بىز بۇ بۇغداينى ھەقسىز ئىشلىتىۋالساق بولماي-دۇ،— دەپتۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاي ساددىلىق بىلەن،— ئىگىسى ئەسكى ئادەم بولسىمۇ دەرھال قولىغا قايتۇرايلى.

ئاق كۆڭۈل ۋە ساددىلىقتا بوۋايدىن قېلىشمايدىغان مومايمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇغدايدىن بىر تال قويماي ئۆيىدىكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىكار تۇرغان بىردىنبىر ئۇن خالتىسىغا يىغىپتۇ، ئاندىن بوۋاي خالتىنى يۇدۇپ شەھەرگە مېڭىپتۇ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئىككى چامداپ، بىر توختاپ، مىڭ بىر مۇشەق-قەت ئىچىدە شەھەرگە يېتىپتۇ، ئىزدەپ - سوراپ ھېلىقى بېخىلنىڭ قورۇسىنىمۇ تېپىپتۇ.

بېخىل باي يوقالغان بۇغداينىڭ دەردى ۋە سۇنغان پۇتىنىڭ ئاغرىقىدا شامالنى تىللاپ، قاقشاپ ياتقانىكەن، ساڭلىرىغا تاغدەك ئاشلىق دۆۋىلىنىپ سېسىپ قېلىۋاتقان، ساندۇق - ساندۇقلىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش سىغماي قالغان، توپ - توپى بىلەن رەختلەر ئىشلىتىشنى كۈتۈۋېرىپ تېگى-دىن چىرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ يەنە بېخىل باي پۇل

چىقىم بولۇشىدىن قورقۇپ، پۈتىنى ئەسكى - تۈسكى لاتى-
لاردا ئۆزىلا تېڭىۋېلىپ، تېۋىپمۇ چاقىرمىغانىكەن.
— بۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇغدىيى ئىكەن ،— دەپتۇ بوۋاي
باي ئالدىغا كىرگەندە،— شامال ئۇچۇرۇپ كەپىمىز ئالدىغا
ئەكېلىپ قويۇپتۇ، ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلدىم.
بوۋاي خالتىنى بىكارلاپ قايتماقچى بوپتۇ، بىراق
«جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ» دېگەندەك كۆزلىرىنى
پارقىرىتىپ ھاڭۋېقىپ قالغان بېخىل باي تۇيۇقسىز چاچ-
راپ تۇرۇپ، بۇغداينى خالتىسى بىلەنلا پوكىنىغا بېسىۋاپ-
تۇ - دە، بوۋايغا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:
— ھەي قېرى، بۇغدايلار شامال ئەپقاچقاندا كۆپ
ئىدى، ھازىر ئازلا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شامالنى قوغ-
لايمەن دەپ پۇتۇم سۇندى، شامالنى سەن سېھىر - جادۇ
بىلەن ئەۋەتمىگەن بولساڭ مۇنچە زىيانغا ئۇچرىمىغان بولات-
تىم، ھەممە زىيىنىمنى تۆلە.
بوۋاي بۇغداينى بىر تال دان قويماي تولۇق ئەكەلگى-
نىنى ۋە بۇ ئىشقا ئۆزى سەۋەبچى ئەمەسلىكىنى كۆپ چۈ-
شۈندۈرسىمۇ كار قىلماپتۇ. باي بولسا بارغانسېرى ئۇش-
شۇقلۇق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. باينىڭ تېجىمەل خوتۇنىمۇ
بوۋايغا ئېسىلىپ غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ، ئەتراپتىكى قوشنىلار
يىغىلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ باينىڭ مۇتتەھەملىكى،
ئاق كۆڭۈل بوۋاينىڭ ياخشى نىيىتىگە يامانلىق بىلەن جا-
ۋاب قايتۇرغانلىقىنى ئەيىبلەپتۇ، باي بولسا ئۇلارنىمۇ «ما-
ڭا زىيان سالماقچى بولغان ھەسەتخورلار» دەپ ئەيىبلەپتۇ،
ئاخىر شاھ ئوردىسىغا سۆرىشىپ بېرىپ ئەرز قىپتۇ. پادى-

شاھ بىر كالۋا بولۇپلا قالماي، بەلكى بايلارنىڭلا قاياشى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قوشنىلار يەنىلا بوۋاينىڭ تەربىيىنى ئېلىشقا پېتىنالماي تاراپ كېتىپتۇ، بوۋايغا ئىچىنىشىپ قېلىشىپتۇ.

مۇتتەھەم باينىڭ ئەرزىنى ئىشىتكەن شاھ دەرھال ئاق- قارىنى پەرق ئەتمەيلا بوۋاينىڭ بارلىق مۈلكىنى، جۈملىدىن ئۆي - جايىنىمۇ بايغا بېرىشنى ھۆكۈم قىپتۇ. بىچارە بوۋاي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ، ئەمما موماي بىلەن ئالمىقىزنىڭ ماكانسىز قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆيى- نىڭ قەيەردىلىكىنى زادىلا ئېيتىپ بەرمەپتۇ، ئاخىر زىن- دانغا تاشلىنىپتۇ، بوۋاينىڭ نالە - زارىغا ئوردا ئەھلىدىن قۇلاق سالىدىغانلار چىقماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بوۋاي ئاق كۆڭۈل ۋە ساددىلىقىدىن ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ ناھەق جازاغا دۇچار بوپتۇ.

ئۆيدە قالغان موماي بىلەن ئالمىقىز بوۋاينى كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بوۋاي قايتماپتۇ، ئاخىر موماي ئۇنى ئىزدەپ ھاسىسىغا تايىنىپ شەھەرگە كىرىپ- تۇ. كىشىلەردىن بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ يىغلاپ- قاقشاپ زىندانغا بېرىپتۇ، ئەمما باغرى تاش زىندانچى ئۇنى قوغلاپ- تۇ، موماي نائىلاج ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئالمىقىزغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئەمدى ئۇلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس بوپتۇ، بىراق يەنىلا بوۋايدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۇنتۇ- ماپتۇ، ئالمىقىز ھەركۈنى كېچىسى، موماي كۈندۈزى مىڭ بىر جاپادا تاپقان ئازغىنە يېمەكلىكنى بوۋايغا توشۇپ يۈرۈپ- تۇ، چۈنكى ئاسلان ھامان ئۇنى ئۇستىگە مىندۈرۈپ شە-

ھەرگە ئېلىپ بارىدىكەن، ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىكەن.
كۇنلەر شۇنداق ئۆتۇپتۇ، قىشمۇ ئاخىرلىشىپ قاپتۇ،
ئەمما شۇ كۇنلەردە زىندان نازارەتچىلىرى ھەر كېچىسى
بوۋاينى يوقلاشقا كېلىۋاتقان ئالمىقىزنى سېزىپ قاپتۇ،
شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە:

— كۇندە كېچىسى بىر كىچىك پەرىشتە مۇشۇككە
مىنىپ كېلىپ زىنداندىكىلەرنى يوقلايدىكەن، — دېگەن خە-
ۋەر تاراپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەر گالۋاڭ شاھنىڭمۇ قۇلىقىغا
يېتىپتۇ.

— ئۇنى تۇتۇڭلار، — دەپ جار ساپتۇ ئۇ دەرھال، —
پەرىشتە بولسا بىزگە تاشنى ئالتۇنغا، سۇنى شارابقا ئايلان-
دۇرۇپ بېرىدۇ.

لەشكەرلەر پەرمان بويىچە كېچىسى ئۇخلىماي پايلاپ
تۇرۇپ، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئالمىقىزنى تۇتۇۋاپتۇ.
پەقەت ئاسلانچاقلا قېچىپ كېتەلەپتۇ، ياساۋۇللار دەرھال
بۇ «پەرىشتە»نى تاڭ سەھەردىلا ئالتۇن پەتنۇسقا ئولتۇرغۇ-
زۇپ شاھ قەسرىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. گۇلقەقەلىرى ئېچى-
لىپ كەتكەن شاھ دەرھال ئۇنى ئالتۇن قەپەسكە سېلىپ،
تەخت ئۇستىگە ئېسىپ قويۇپتۇ، شېرىن - شېكەر سۆزلەر
بىلەن كارامەت كۆرسىتىپ ئوردىنى ئالتۇن - كۇمۇشكە
تولدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ، بىراق ئالمىقىز ئۇندى-
مەپتۇ.

«مەن پەرىشتە بولمىسام» دەپ ئويلايدىكەن ئۇ، «قان-
داقمۇ كارامەت كۆرسىتىش قولۇمدىن كەلسۇن، كارامەت
كۆرسىتەلىگەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز سەندەكلەرگە ياخشى-

لىق قىلمايمەن» .

پادىشاھ ھېچقانداق قىلىپ ئارزۇسىغا يېتەلمەي كۆڭلى كەچ قىلىپ، خاس ھەرىمىگە قايتىپتۇ. ئالمىقىز بولسا زىنداندا ئازاب چېكىۋاتقان بوۋىسىنى، ئۆيدە يالغۇز قالغان موممىسىنى ئويلاپ، ھەسرەت چېكىپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپتۇ. بۇ ئالمىقىزنىڭ تۈنجى قېتىم كۆز يېشى قىلىشىكەن، قىزىق ئىش، ئۇنىڭ ياشلىرى ئېتىكىگە چۈشۈپلا ياپيېشىل نۇرلۇق مەرۋايىتلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئالمىقىز ئەجەبلىنىپ يىغىدىن توختاپتۇ، تاڭ ئېتىپتۇ. گالۋاڭ شاھ كىرىپ ئۇنىڭ ئېتىكىدە تۇرغان يېشىل مەۋا- يىتلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ، چۈنكى بۇ يېشىل مەرۋايىتلار ئاز ئۇچرايدىغان بىباھا گۆ- ھەر - دە.

ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ مەۋايىتلارنى ئېلىۋاپتۇ - دە:

— ۋاي قەدىرلىك كىچىك پەرىشتە، ئەسلى كارامە- تىڭنى كېچىسىلا كۆرسىتىدىكەنسەن، خەزىنەمنى ئالتۇنغا تولدۇرۇپ بېرەلمىسەڭمۇ مەيلى، لېكىن كۈندە مۇشۇنداق مەۋايىت پەيدا قىلىپ بەر، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى، — دەپتۇ ئالمىقىزغا، ئاندىن ئۇ مەرۋايىتلارنى سالامغا كىرگەن ۋەزىرلەرگە كۆز - كۆز قىپتۇ. بىردىنلا ئاچ كۆز ۋەزىرلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، دەرھال ئېتىلىپ بې- رىپ تارتىۋالغۇسى كەپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى جۈرئەت قىلالماپتۇ، نائىلاج شۆلگەيلىرىنى يۇتۇپ قاپتۇ، چۈنكى بۇ ئېسىل مەرۋايىتلارنىڭ ئىگىسى ئۆزلىرىدىنمۇ ھوقۇقلۇق پادىشاھتە، ئەگەر ئۇ بىرەر پۇقرانىڭ قولىدا بولغىنىدا

دەرھال تارتىۋالار ئىدى.

شاھ ئەمدى مەرۋايىتلارنى خاس ھەرەمگە ئېلىپ كىرىپتۇ، شۇ ھامان ھەرەم ئىچىدە قىيا - چىيا، پاتىپىراقچىلىق يۈز بېرىپتۇ، چۈنكى چوڭ - كىچىك خانىشلار يىغىلىپ مەرۋايىتلارنى كۆرۈپلا شاھقا ئېسىلىشىپ، مەرۋايىت تالىشىپ، بىر - بىرىنى بوغۇشۇپ، چاچلىشىپ كېتىشكەنىكەن، ھودۇقۇپ كەتكەن شاھ دەرھال توۋلاپ يۈرۈپ ئۇلارنى تىنچلىتىپتۇ، ھەممىگە بىر تىزىقتىن بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، قايتىپ چىقىپتۇ. تەختىگاھقا كىرىپ، ئالتۇن قەپەسنى ئورنىۋېلىپ، مەرۋايىت سوراپ، ئالمىقىزنى قورقۇتۇۋاتقان ۋەزىرلىرىنى ئۇرۇپ - سوقۇپ ھەيدەپتۇ، ئالمىقىزنى ئالداپ - سىلاپ يەنە مەرۋايىت پەيدا قىلىشقا ئۈندەپتۇ.

— زىنداندىكى بوۋاينى قويۇۋەت ، -- دەپتۇ ئالمىقىز ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، — ئاندىن ساڭا مەرۋايىت بېرىمەن.

— ھازىرلا قويۇۋېتىمەن، — دەپتۇ شاھ خۇشال بولۇپ، — زىنداندا بوۋاي دېگەن تولا، سەن قايسىسىنى دېمەكچىسەن؟

«باشقىلارمۇ بوۋامدەك بىگۇناھ زىندانغا كىرىپ قالغانلار بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ ئالمىقىز يەنە، شۇنىڭ بىلەن:

— ھەممىسىنى قويۇۋەت، — دەپتۇ شاھقا، — زىنداندا بىرمۇ ئادەم قالمىسۇن، مەنمۇ ساڭا نۇرغۇن مەرۋايىت پەيدا قىلىپ بېرىمەن.

— ياخشى، ياخشى، — دەپتۇ گالۋاڭ شاھ، —

ھەممىنى قويۇۋېتىمەن، چۈنكى ئۇلار ماڭا مەرۋايىت بې-
رەلمەيدۇ، ئۇلارنى مەرۋايىتقا تېگىشىۋالسام ياخشى ئەمەس-
مۇ!

شۇ ھامان ئۇ زىنداننى ئېچىپ ھەممە ئادەمنى قويۇۋې-
تىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، كېچىسى ئالمىقىز يوشۇرۇنچە
ئۆز تەقدىرىگە يىغلاپ - يىغلاپ ئېتىكىدە بىرمۇنچە مەرۋا-
يىت ھاسىل قىپتۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن قايتا يىغلى-
ماپتۇ، چۈنكى ئەمدى شاھقا يەنە بايلىق يارىتىپ بېرىشۇ-
رىشنى خالىماپتۇ، شاھمۇ ئۇنى قويۇۋەتمەپتۇ، كۇندە يەنە
مەرۋايىت بېرىشكە قىستاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، باھار كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ
شامالچاقمۇ قايتىپ كەپتۇ، كېتىۋېتىپ ئوردا ئىچىدە ئال-
تۇن قەپەسكە سولانغان ئالمىقىزنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئوردىغا بېسىپ كىرىپتۇ - دە، ئالتۇن قەپەسنى
ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ۋاي مېنىڭ ئالتۇن قەپىسىم، ۋاي كىچىك پەرىش-
تەم، تۇتۇڭلار!... — شاھ شۇنداق خىرقىراپ ۋارقىرىغى-
نىچە تەختتىن چاچراپ چۈشۈپ، يىقىلىپ - قوپۇپ قوغلاپ-
تۇ. ۋەزىرلەر - ياساۋۇللارمۇ قوغلاپتۇ، بىراق ئۇلارغا
يېتىشەلمەپتۇ. شامالچاق قەپەسنى سۇندۇرۇپ چىقىپ تاش-
لاپ، ئالمىقىزنى چىقىرىۋاپتۇ. ئۇنى كۆرگەن بوۋاي -
موماي خۇشاللىقىدىن يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئالا ئاسلانمۇ شاد-
لىنىپ سەكرەپ كېتىپتۇ، ئالما كۆچىتىمۇ شاخلىرىنى
لىڭشىتىپ تەنتەنە قىپتۇ.

ئالمىقىز سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ ئۆك-

سۇپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋېتىپتۇ، شۇ ھامان ئېتىكى ياپيې-
شىل نۇرلۇق مەرۋايىتلارغا تولۇپ كېتىپتۇ. شامالچاق بۇ
گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى پىغانى ئۆرلەپ، بىردىنلا غۇرقى-
راپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، نەگە باردۇ دەمسىز؟ ئۇ ئۇچقانچە
بۇلۇتقىز قېشىغا چىقىپ مۇنداق ناخشا ئوقۇپتۇ:

ئاپئاق، ئاپئاق بۇلۇت قىز،
پاختىدىن ئاق - يۇمشاق قىز.
ماڭا ياردەم قىلسىڭىز،
يامغۇر بولۇپ ياغسىڭىز.

— نېمە ئىش بولدى؟— سوراپتۇ بۇلۇتقىز.

شامالچاق بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاڭلى-
غانسېرى بۇلۇتقىزنىڭمۇ غەزىپى ئۆرلەپ، رەڭگى قارىداپ
كېتىپتۇ ۋە دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شامالچاق ئۇنى
ئۇچۇرۇپ ئوردا ئاسمىنىغا ئېلىپ كەپتۇ، گۈلدۈرماما -
چاقماقلارمۇ ياردەمگە كەپتۇ. شۇ ھامان شارقىراپ يامغۇر
قۇيۇلۇپتۇ، شاھ ئوردىسىغىلا ئەمەس، بېخىل باينىڭ ئۆي-
جايىغا، زالىم ئەمەلدارلار مەھكىمىسىگە ۋە شۇ تەۋەدىكى
ھەممە جازانىخور باي، زومىگەر، مۇتتەھەملەرنىڭ ھويلا-
ئاراملىرىغا قۇيۇلۇپتۇ. چاقماق ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن بۇ-
لاپ توپلىغان بايلىقلىرى تولۇپ - تېشىپ تۇرغان ئامبارلى-
رىنى ۋەيران قىپتۇ، زالىم - زوراۋانلارغا ئاپەت ۋە مۇسى-
بەت بوپتۇ. تاپقان - تەرگىنىنى زالىم - زوراۋانلارغا
تارتقۇزۇپ قويغان شەھەردىكى پۇقرالار بولسا خۇشاللىقى-

دىن سەكرىشىپ:

ياغقىن، يامغۇر، كۆپ ياغقىن
دەريا ياساپ ئۆركەشلەت،
زالىم - بېخىل، ئەسكىلەرنى
جەھەننەمگە ئېلىپ كەت.

دەپ ناخشا ئېيتىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ناخشا ساداسى كۆككە يېتىپ بۇلۇت - تۇمانلارغا مەدەت بېرىپتۇ، يامغۇر تېخىمۇ شارقىراپ يېغىپ كېتىپتۇ، بۇلۇت ئۆزىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەپ - خوراپ كېتىۋاتقانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلماپتۇ.

ئاخىر ئوردا ئىچىگە يامغۇر سۈيى تولۇپ تېشىپتۇ. ئاددىي پۇقرالار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆي - ماكانى ھېچنېمە بولماپتۇ، لېكىن گالۋاڭ شاھ، زالىم ئەمەلدارلار، ئۇلارنىڭ غالچا - ياساۋۇللىرى، بېخىل باي ۋە باشقا جازانىخور مۇتتەھەملەر دەريادەك ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان يامغۇر سۈيىگە غەرق بولۇپ ئېقىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆي - جايلىرى ۋە ھېسابسىز مال - دۇنياسىمۇ بىللە تۈگىشىپتۇ، ئاخىر ئوردىمۇ گۆمران بوپتۇ، خەلق تىنچ - ئاسايىشلىققا ئېرىشىپتۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا شامالچاق كىچىكلەپ داستىخانچىلىك قالغان بۇلۇتقىزغا تەشەككۇر ئېيتىپ، يامغۇرنى توختاتقۇزۇپتۇ. بۇلۇتقىزمۇ تازا پۇخادىن چىقىۋالغاچقا، يەنە پاختىدەك ئاقىرىپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شامالچاق ئالمىقىزنى ئىزدەپ تېپىپ. بوۋاي - موماي ۋە ئالا ئاسلانلار بىلەن بەختلىك ياشاپ قاپتۇ.

# كىچىككىنە مەلىكە بىلەن چاشقان

بۇرۇنقى زاماندا، ھەشەمەتلىك شاھ ئوردىسىدا ساقاللىرى ئۆچتەك ئاقارغان قېرى شاھ يەككە - يېگانە ھالدا ئېغەك يۆلەپ ئولتۇرغىنىچە خىيال سۈرمەكتە ئى-كەن. «ھەي، بىرمۇ پەرزەنتىم بولمىسا، كۆرمىگەن مۇ-شەققەتلەر ئىچىدە تىكلىگەن بۇ پادىشاھلىق ئورنۇم مەڭگۈ-لۈك كۆز يۇمغىنىمدىن كېيىن كىملەرنىڭ قولىغا قالار، ئىسىت، بىرەر پەرزەنتىم بولسىچۇ كاشكى، ئىزىمنى بې-سىپ سەلتەنەتلىك تاج - تەختىمگە ۋارىس بولسا، بۇ ئو-رۇن مەڭگۈ ئۆز ئەۋلادلىرىم قولىدا قالسا، چىرىغىمىز مەملىكەت ئاسمىنىدا قۇياشتەك پارلاپ، نام - شۆھرىتىمىز ئەبەدىي ئۆچمەس ئىدى.

— تىلىكىڭگە يەتكۈزەي، — دېگەن ئىنچىكە بىر سادا كەپتۇ ئالتۇن تەخت ئارقىسىدىن.

پادىشاھ چۆچۈپ ئەندىكىپ ئۆرۈلۈپ كەينىگە قاراپتۇ. تەخت كەينىدە بويى بىر غېرىچ، بېشىغا يۇمىلاق پۆپۈكلۈك ئۈچلۇق قىزىل بۆك كىيگەن، بېشى تاۋۇز خەمىكىدەك، بوينى پېلەكتەك بىر قونچاق بالا ئۈزۈنلۈقى بويى بىلەن تەڭ بىر كانايچىنى تۇتۇپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ بېشى بىلەن

ئىنچىكە بوينىلا چىقىپ تۇرغان كەڭ ئېتەكلىك خالتىدا چېكىتتەك ـ چېكىتتەك يۇلتۇزلار ۋىلىلداپ چاقناپ تۇردىكەن.

— سەن كىم؟— سوراپتۇ پادىشاھ ئېڭىشىپ تۇرۇپ.

— مەن كىچىك سېھىرگەر،— جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى قونچاقتەك بالا،— سېھىر ـ ھېكمەتتىم بىلەن سېنى تىلىكىڭگە يەتكۈزەلەيمەن. سۆزلەۋېتىپلا ئۇنىڭ بويى ئۈچ غېرىچ كەلگۈدەك ئۆسۈپتۇ. ئۇنىڭغا تەئەللۇق باشقا نەرسىلەرمۇ ماس ھالدا يوغىناپتۇ ۋە ئۆزىرىپتۇ.

— ياخشى، ياخشى،— دەپتۇ پادىشاھ،— سەن كىچىك سېھىرگەر ئەمەس، بەلكى بىر كىچىك پەرىشتە، سېنى شۇ تاپتا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرمىغان بولسام مەۋجۇتلۇقۇڭغا ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتىم، ئېيتقىنا، سەن راستىنلا مېنى ھەرقانداق تىلىكىمگە يەتكۈزەلەمسەن؟

— شۇنداق!— دەپتۇ كىچىك سېھىرگەر،— مەن توققۇز يىلدا بىر قېتىم ئايدىكى ئوردامدىن يەر يۈزىگە چۈشىمەن ۋە بىرلا كىشىنىڭ بىرلا تىلىكىنى ئورۇندايمەن. سەن بايا بىرەر پەرزەنتىڭنىڭ بولۇشىنى بەكلا ئارزۇ قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟ ئېيتقىنا، ئوغۇل پەرزەنت ئارزۇلامسەن ياكى قىز پەرزەنتمۇ ۋەياكى ھەر ئىككىسىنىمۇ، مەن سېنى ئاشۇ ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزسەم قانداق؟

— بولىدۇ، بولىدۇ،— دەپتۇ شاھ خۇشال بولۇپ، — سەن خىيالىمدىكىنى تولۇق بىلىۋاپسەن، ماڭا قانداقلا پەرزەنت بولسا بولۇۋېرىدۇ، ياق، ئەڭ ياخشىسى ئوغۇل

بولسۇن، قىز بالىنىڭ كېرىكى يوق.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ كىچىك سېھىرگەر-نىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپتۇ، لېكىن يەنىلا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماقچى بولۇپ:

— قېنى بىر لوڭقا كەلتۈر،— دەپتۇ پادىشاھقا.

قېرى شاھ ئالدىراپ - تېنەپ تەختتىن چۈشۈپ، خۇش پۇراق ئەتىرگۈللەر چىلاپ قويۇلغان ئالتۇن لوڭقىنى بىكارلاپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ.

— ئۇنى ياقتۇرمايمەن،— دەپتۇ كىچىك سېھىر-گەر،— ئالتۇن بىلەن خۇشۇم يوق.

قېرى شاھ ئەمدى بىر بۇلۇڭدىكى تەكچىدە چاڭ - توزان بېسىپ تۇرۇپ قالغان سۇتتەك ئاق ۋە سۈزۈك فار-فور لوڭقىنى ئېلىپ كەپتۇ.

كىچىك سېھىرگەر كانايىنى لوڭقىنىڭ ئاغزىغا توغرى-لاپ چېلىشقا باشلاپتۇ:

دۇ - دۇ - دۇت! دۇت - دۇت! ... شۇ ھامان كانايچى-دىن ئىككى تال ئۇرۇقچا ئۇچۇپ چىقىپ لوڭقىغا چۈشۈپ-تۇ.

— بۇ ئۇرۇقچىلارنى گۈلچېچى بىلەن كۆمۈپ، ئەتىر-گۈل بەرگىگە چۈشكەن تاڭ شەبنىمى بىلەن سۇغارغىن، — دەپتۇ كىچىك سېھىرگەر،— ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ-رۇقچىلاردىن بىر جۈپ مايسا بىخلىنىپ، بىر جۈپ غۇنچە پەيدا بولىدۇ. ئاتلىق مېھرىڭ بىلەن بىر دەقىقە ۋاقىت ئۆتكۈزمەي ئۇلارنى بىر - بىرلەپ سۆيۈپ قويساڭ غۇنچىلار يېرىلىپ سېرىق غۇنچىدىن بىر ئوغۇل، ئاق غۇنچىدىن بىر

قىز بالا چىقىدۇ ۋە ئۈچ كۈندىلا توققۇز ياشقا كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئارزۇيۇڭغا يېتىسەن.

شاھ بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەمگە چۆكۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ گۈلچېڭى ۋە تاڭ شەبنەملىرىنى قانداق يىغىشقا ئەقىل يۈگۈرتەلمىگەنىكەن.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇرغان كىچىك سېھىرگەر يەنە كانىيىنى چاپتۇ. ئەمدى كانايدىن بىر ئالتۇن رەڭلىك ھەرىسى بىلەن بىر كېپىنەك ئۇچۇپ چىقىپتۇ.

— سىلەر پادىشاھقا ياردەملىشىپ گۈلچېڭى ۋە شەبنەم يىغىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ كىچىك سېھىرگەر ئۇلارغا. ھەرىسى بىلەن كېپىنەك ئۇندىمەستىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

— ئاھ! قەدىرلىك كىچىك پەرىشتەم، — دەپتۇ شاھ چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە، — ساڭا قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— مىننەتدارلىقىڭىزنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، — دەپتۇ كىچىك سېھىرگەر، — پەقەت باللارنى قىز - ئوغۇل دەپ ئايرىماي ھەممىسىگە ياخشى قاراپ، ياخشى تەربىيىلەپ كەتسەڭلا كۇپايە، ئۇلار رەنجىپ قالمىسىلا بولدى، مەن باللارغا، سۆيۈملۈك كىچىك دوستلىرىمغا بەك ئامراق، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردىن بەكمۇ خۇرسەن.

سۆزلەۋېتىپ ئۇ ئەمدى بىردىنلا كىچىكلەپ بويى بىر غېرىچ ھالىتىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا تەئەللۇق ھەممە نەرسە كىچىكلەپتۇ ھەم قىسقىرىپتۇ، كانىيىنى

پۈۋلىگەنىكەن، پەي ـ قاناتلىرى ئوتقاشتەك ۋاللىداپ تۇرى-
دىغان بىر تاڭ خورىزى پەيدا بوپتۇ ـ دە، كىچىك سىپىر-
گەر ئۈستىگە مىنىشىگىلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قېرى شاھ لوڭقىنى ھېلىلا بىرى تارتىۋالىدىغاندەكلا
مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا
غۇڭ ـ غۇڭ، غۇڭ ـ غۇڭ... قىلىپ غۇڭۇلدىغان ئاۋازلار
كېلىپ، ئارقىدىنلا بىرمۇنچە ھەسەل ھەرىسى دېرىزە كۆز-
نەكلىرىدىن ئۇچۇپ كىرىشكە ۋە پادىشاھ قۇچاقلاپ ئولتۇر-
غان لوڭقا ئىچىگە كىرىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. پاھ! ئۇلار
ئەسلى گۈلچېچەكلەرنىڭ ئەمەسمۇ، كۆپ ۋاقىت
ئۆتمەيلا لوڭقا گۈلچېچەككە تولۇپتۇ، ھەسەل ھەرىلىرىمۇ
ئىشنى توختىتىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ، ئارقىدىنلا دېرى-
زە. كۆزنەكلىرىدىن سانسىزلىغان رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر
لىپ. لىپ قىلىپ ئۇچۇپ كىرىشكە باشلاپتۇ ۋە ئىنچىكە
پۇتلىرىدا ئېلىپ كىرگەن نوقۇتتەك چېلەكلىرىدىكى شەب-
نەملەرنى لوڭقىغا تۆكۈشكە باشلاپتۇ. گۈلچاچلىرى نەمدى-
لىپ سەل بېسىقىپ قاپتۇ، يېتەرلىك شەبنەم توشۇلۇپ
بولغاندىن كېيىن كېپىنەكلەرمۇ غايىب بوپتۇ.

گۈلچېچەك ۋە شەبنەملەر توشۇلۇپ بولغۇچە پادىشاھ
ھەسەل ھەرىلىرى ۋە كېپىنەكلەرنى ئۈركۈتۈپ قويماسلىق
ئۈچۈن چىڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ھەيكەلدەك
قېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ئۇھ! — دەپتۇ ئۇ ئاخىر ھەسەل ھەرىسى ۋە كېپە-
نەكلەر غايىب بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر تىنىپ، شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇ خاس مۇلازىمىنى چاقىرىپتۇ، مۇلازىم

پادشاھنىڭ لوڭقىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ھالىتى-
گە قاراپ ئەجەبلىنىپ گاڭگىراپ قاپتۇ.

— ئۈچ كۈنگىچە ھېچكىم ئوردىغا كىرگۈزۈلمىسۇن،
ھېچكىم ئارامىمنى بۇزمىسۇن، ئىشلارنى ۋەزىرلەر كېڭە-
شىپ بىر تەرەپ قىلسۇن!— دەپ پەرمان بېرىپتۇ پادى-
شاھ.

مۇلازىم پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ
ئولتۇرغان ئورنىدا مىدىرلىماي ئۇرۇقچىلارنىڭ بىخ سۇرۇ-
شى، مايسا بولۇشى ۋە غۇنچىلىشىنى كۈتۈپ سەۋرچانلىق
بىلەن ئولتۇرۇشنى داۋام قىپتۇ.

شاھ قەسرى سۈكۈتكە چۆكۈپتۇ، كۈتۈلمىگەندە دېرى-
زە كۆزنەكلىرىدىن كىرىپ قالغان چاقىرىلمىغان مېھمان
— بىزەڭ چىۋىنلەر ۋە يوغان ئالتۇن سائەتنىڭ ئالتۇن
مىلىنىڭ چىك - چىك، چىك - چىك قىلىپ چېكىلداپ
مېڭىشلىرىدىن باشقا ھېچنېمە بۇ سۈكۈناتقا دەخلى قىلماپ-
تۇ.

ۋاقىت سېكۇنتلاپ، مىنۇتلاپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، بىر
چاغلاردا سائەت داڭ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ، دېمەك بىر سائەت
ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، ۋاقىت يەنە سېكۇنتلاپ، مىنۇتلاپ، سائەت-
لەپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، ئالتۇن سائەت 12- قېتىم داڭ
ئۇرغاندا لوڭقىدىكى نەمدەلگەن گۈلچاڭلىرى ئىچىدىن بىر
جۈپ يېشىل زۇمرەت بىخ باش چىقىرىپتۇ ۋە سائەت ھەر
قېتىم داڭ ئۇرغاندا بىر سانتىمېتىردىن ئېگىزلەپ ئۆ-
سۈپ، 48-قېتىم داڭ ئۇرۇلغاندا مايسا بولۇپ يېتىلىپتۇ
ھەم بىر جۈپ غۇنچىلاپتۇ، غۇنچىلارنىڭ بىرى سېرىق،

يەنە بىرى ئاق ئىكەن. پادىشاھ بەكمۇ خۇرسەن بوپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئەس - يادى سېرىق غۇنچىدىلا قاپتۇ.

سائەت 72- قېتىم داڭ ئۇرۇپتۇ، كۇتۇۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان پادىشاھ دەرھال سېرىق غۇنچىنى سۆيۈپتۇ، شۇ ھامان سېرىق غۇنچە يېرىلىپ، ئىچىدىن چىمچىلاقتەك بىر ئوغۇل بالا چىقىپ يەرگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ ۋە تاپىنى يەرگە تەگكەن ھامان چوڭىيىپ بويى ئۈچ غېرىچچە، بېشىدا كىچىككىنە زەر تاج، ئۇستىدە ئالتۇن رەڭلىك چىرايلىق كىيىمى بار ۋە ئالتۇن رەڭلىك ئۆتۈك كىيگەن بىر كىچىك شاھزادىگە ئايلىنىپتۇ.

— ئاھ! مېنىڭ ئوغلۇم، شاھزادەم، تەخت ۋارىسىم،— دەپ توۋلاپتۇ شاھ خۇشاللىقىنى باسالماي ھاياجانلىنىپ. شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ كىچىككىنە شاھزادىنى قۇچاقلاش، باغرىغا بېسىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ غۇلىچىنى كەڭ يېيىپتۇ.

«جاراڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى لوڭقا يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ پارە - پارە بوپتۇ. گۇلچاڭلىرى چېچىلىپ ئاق رەڭلىك غۇنچىلىغان مايسا سۇنۇقلار ئارىسىدا قاپتۇ ۋە كىچىك شاھزادە بىلەنلا قالغان پادىشاھنىڭ ئاياغ ئاستىدا قىلىپ چەيلىنىپ كېتىپتۇ، بەختكە يارىشا غۇنچىسى دەسسىلىپ كەتمەي ئامان قاپتۇ.

شۇ چاغ ئالتۇن تەخت ئاستىدىن بىر چاشقان يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاق رەڭلىك غۇنچىنى چىشلەپ قېچىپتۇ. پادىشاھ بىر ۋاقىتلاردا بۇ ئاق غۇنچىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىزدىگەندە بولسا ئۇ ئاللىبۇرۇن غايىب بوپتۇ، پادىشاھ ئوغۇل پەرزەن-

تىنىڭ ئۆزى بىلەن قالغىنىغا خۇشال بولۇپ، تاپالمىغان ئاق غۇنچە ئۇچۇن قايغۇرۇپمۇ قويماپتۇ.

ئاق چاشقان ئاق غۇنچىنى چىشلەپ ئۇۋىسىغا ئەكىرىپتۇ، ئاق غۇنچە يېرىلىپ ئىچىدىن بارماقچىلىك بىر قىزچاق چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلىگىچە يېيىلىپ چۇشكەن قۇندۇزدەك قارا ۋە پارقىراق، يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرى ئۇستىگە كىچىككىنە ئالتۇن تاج قوندۇرۇلغان، بەدەنلىرى قاردەك ئاق، شەھلا كۆزلىرى ئۇزۇن - ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدا كىچىك يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان، لەۋلىرى گىلاستەك قىزىل ۋە مەڭزى ئالمىدەك قىزغۇچ رەڭ ئالغان، ئۇستىگە قىسقا يەڭلىك قاردەك ئاق، كۆپتۇرمە ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلەك ئېتەكلىرىگە قىپقىزىل ئۇششاق ئەتىرگۇللەر ۋە يېشىل ياپراقچىلار كەشتىلەنگەن ۋە كىچىككىنە پۇتلىرىغا سۇپسۇزۇك كىچىككىنە خرۇستال كەشلەرنى كىيگەنىكەن، ئۇنىڭ شۇنداق چىرايلىق ۋە ئوماقلىقىغا ھەركىمنىڭ مەپتۇن بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپكەن.

ئاق چاشقان يۇز بەرگەن بۇ مۆجىزىدىن بىرھازا گاڭگىراپ تۇرۇپ كېتىپ ئاخىر زۇۋانغا كەپتۇ:

— سەن كىم؟

— مەن كىچىككىنە مەلىكە، — كىچىككىنە قىزچاق شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ، — ئەجابا، بۇ ئەمدى مەن ھايات كەچۇرىدىغان ماكانمۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ ئاق چاشقان چىرقىراق ئاۋازى بىلەن، — بۇ ئالتۇن تەخت ئاستىدىكى چاشقان ئۇۋىسى،

بۇ يەر جاھاندىكى ھەممە چاشقانلارنىڭ كۆزى قىزىرىدىغان ئەڭ ياخشى جاي، نازۇنېمەت ئامبىرىغا چىقىدىغان لەخمىمۇ بار تېخى، بۇ يەر شۇنداق راھەت، شۇنداق بەلەن.

— بىراق، مەن بۇ يەرگەزادىلا كۆنەلمىگۇدەكمەن، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە قايغۇرۇپ، — بۇ يەر ھەم قاراڭ-غۇ، ھەم دىمىق ئىكەن، تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەكلا تۇرۇ-مەن.

— ئىستەي! — دەپتۇ چاشقان، — شۇنداق بىر ئې-سىل جايغا كۆنەلمىگىنىڭدىن ھەيرانمەن، بوپتۇ، سېنى ئوغلۇم قېشىغا ئېلىپ باراي، ئۇ ساڭا كەڭ ۋە يورۇق بىر ساراي سېلىپ بەرسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىل، ئۇ بەكمۇ قاملاشقان چاشقانچاق، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى يۇپيۇ-مىلاق، كۆزلىرى نۇرلۇق، تۇمشۇقى ئۇچلۇق، بۇرۇتلىرى دىڭگايغان، ئۇستىدە 365 كۈن ئۇچىسىدىن سالمايدىغان ئاق مەخمەلدەك يۇمشاق موينلۇق جۇۋىسى، يەنە چىرايلىق بىر ئۇزۇن قۇيرۇقى بار، ئۇنى كۆرسەڭ چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىسەن.

— ئۇ قەيەردە، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە، — ئۇ تۇرۇۋاتقان يەر يورۇق ۋە ئازادە بولسىلا مەن ئۇ يەرگە بېرىشقا رازى، بىلەمسىز، مەن دۇنياغا كېلىپلا بۇنداق ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان جايغا چۈشۈپ قېلىشىمنى ئويلىمىغانىدىم.

— ۋاھ! سەن ئۆزۈڭنى ئادەم دەۋاتىسەن؟ سەن دېگەن چاشقان، چۈنكى سەن چاشقان ئۇۋىسىدا دۇنياغا كەلدىڭ، ئەمدى بىر چاشقانغا جۈپ بولىسەن، ئۇنىڭ سېنى ياقتۇ-

رۇپ قىلىشىنى ۋە سەن ياقتۇرىدىغان يورۇق ۋە ئازادە
ساراي سېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بولمىسا سېنى
يەنە ئۆزۈڭ ياقتۇرمايدىغان مۇشۇ ئۇۋىغا قايتۇرۇپ كەلمەي
ئامالىم يوق، مەن قېرىدىم، مەن سەن ياقتۇرغۇدەك ساراي
سېلىپ بېرىشكە ماغدۇرۇم يەتمەيدۇ ھەم قەيەرگە قانداق
سېلىشنىمۇ بىلمەيمەن، بىراق شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى،
مەن سېنى ئۆز پەرزەنتىم ئورنىدا كۆرۈپ كۆيۈنىمەن،
غەمخورلۇق قىلىمەن، ئاسرايمەن، — دەپتۇ چاشقان بىرھا-
زا كوتۇلداپ.

كىچىككىنە مەلىكە ئۇندىمەپتۇ. ئۇنىڭ ئاق چاشقان-
نىڭ دېگەنلىرىگە كۆنۈش ۋە ئۇنىڭ غەمخورلۇقىنى قوبۇل
قىلىشتىن باشقا ئامالىمۇ يوق ئىكەن.

— ئوغلۇم بىزدىن بەكمۇ يىراقتا، بىر تاغ باغرىدىكى
كاماردا، — دەپتۇ چاشقان يەنە، مەن سېنى ئۇ يەرگە ئېلىپ
بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلاي، — شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ
قاياققىدۇر كېتىپ قاپتۇ ۋە بىر چاغلاردا قايتىپ كې-
لىپ، — يۈر! — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكىگە، —
قۇيرۇقۇمنى تۇتۇپ ماڭغىن، بولمىسا قاراڭغۇلۇققا كۆنەل-
مەي تامغا ئۇسۇۋالىسەن.

كىچىككىنە مەلىكە ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ ئەگە-
شىپ مېڭىپتۇ، ئۇلار ئەگرى - بۈگرى ۋە بەكمۇ ئۇزۇن،
ئادەمنىڭ بىلىكى پاتقۇدەكلا لەخمە يولىدىن مېڭىپ ئاخىر
ئوردا تېمىنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ.

— ۋاھ! نېمىدېگەن چوڭ ۋە يورۇق - ھە؟! — دەپتۇ
كىچىككىنە مەلىكە شادلىنىپ، — بىز مۇشۇنداق يەردە

ياشىساق بولمامدۇ؟
بۇ چاغ تاڭ سۈزۈلگەن، مەشرىق ئاسمىنى ئاتەش رەڭلىك شەپەق بىلەن پۈركەنگەن، سالقىن شامال غۇيۇل-داپ تۇرغان بىر چاغ ئىكەن.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ چاشقان ھەر تەرەپكە ئەنسىز-لىك بىلەن قاراپ، — بىزنىڭ بوي - بەستىمىز بەكمۇ كىچىك، بۇنداق جايدا قەدەمدە بىر كۆشەندىگە دۇچ كې-لىپ، جېنىمىزدىن جۇدا بولۇش خەتىرىگە يولۇقۇپلا تۇرى-مىز، ئېھتىيات قىلايلى، بىز ئۇچۇن ئەسلىي ئاشۇ قاراڭغۇ ۋە دىمىق بىلىنگەن ئۇۋا ئەڭ بىخەتەر ۋە راھەت ئىدى. ئەپسۇس، سەن كۆنەلمىدىڭ - دە.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئۇ ھېلىلا ۋەزىرىنىڭ قىزىنىڭ ھۇج-رىسىدىن ئوغرىلاپ چىققان كىچىككىنە قىزىل سايۋەنلىك كرىستال قونچاق ھارۋىسىنى يوشۇرغان يېرىدىن سۆرەپ كەپتۇ - دە: — قېنى، ھارۋىغا چىق، — دەپتۇ ھارۋا شوتى-سىغا ئات ئورنىدا ئۆزىنى قېتىپ، — سەن يول جاپاسىغا چىدىيالمايسەن ھەم تېز يۈگۈرەلمەيسەن، سېنى مۇشۇ ھار-ۋىدا ئوغلۇم قېشىغا ئېلىپ باراي.

كىچىككىنە مەلىكە ھارۋىغا چىقىپتۇ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقسىمان بۇ ھارۋا ئۇنىڭ ئۇچۇن ياسالغاندەكلا باب كەپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ، چاشقانمۇ خۇرسەن بوپتۇ. ئاق چاشقان كىشىلەر كۆزىگە چېلىقمايدىغان چەت - ياقىلار بىلەن ھارۋىنى سۆرەپ ئوت - چۆپلەرنىڭ دالدىسى بىلەن كېتىۋېرىپتۇ. ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر ۋە رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەرگە پۈركەنگەن دالا، كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ

يۇرگەن ئاق پاختىدەك بۇلۇتلار كىچىككىنە مەلىكىگە بەكمۇ ھۇزۇر بېغىشلىسا، لىپ - لىپ ئۇچۇپ يۇرگەن كېپىنەكلەر ۋە ۋىچىرلىشىپ، قوغلىشىپ ئۇچۇپ يۇرگەن قۇشقاچلار ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ. ئۇنىڭ ئەمدى ھارۋىدىن چۈشۈپ سەكرەپ - تاقلاپ يۇرگۇسى، دەرەختەك بىلىنگەن گۈل - گىياھلارغا ياماشقۇسى ۋە بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتقۇسى كەپتۇ. بىراق، چاشقان پات - پات ئاگاھلاندۇرۇپ بۇنداق شوخلۇق قىلىشىغا يول قويماپتۇ.

— ئېھتىيات قىل، — دەيدىكەن ئۇ ھامان، — بىزدەك ئاجىزلارغا شوخلۇق جەزمەن بىر پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئاسماندا چارلاپ يۇرگەن يىرتقۇچ قۇشلار، داللاردا يولۇقىدىغان مۈشۈكلەر ھەممىسى بىزنىڭ كۈشەندىمىز، يەنە باشقىلىرىمۇ بار تېخى، سەن ئەمدىلا دۇنياغا كەلدىڭ، دۇنيانىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېخى تېتىمىدىڭ، شۇنداق گۈزەل كۆرۈنگەن دۇنيانىڭ ئەسلىدە بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن.

ئۇنىڭ تولا كوتۇلداشلىرى كىچىككىنە مەلىكىگە پەقەتلا ياقماپتۇ، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، بىر ئېغىزمۇ سۆز ياندۇرماپتۇ. چۈنكى ئۇ، چاشقاننىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ غېمىنى يەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىكەن.

«بۇ چاشقان نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟» ئويلايدىكەن كىچىككىنە مەلىكە: «ئۇ راستىنلا مېنىڭ...»

ئاق چاشقان ھارۋىسىنى سۆرەپ يۇرۇپتۇ، يۇرۇپتۇ. ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ بەرداشلىق بېرىپ يۇ-

رۇپتۇ، تېخى كىچىككىنە مەلىكىگە ئۇسسۇزلۇق ئۇچۇن سۇزۇك شەبنەملەرنى تېپىپ ئىچۈرۈپ، يېمەكلىكى ئۇچۇن يېشىل ياقۇتتەك بىر تال كىشمىش ئۈزۈمنى تېپىپ يېگۈ-زۈپ، ئۆزىنىڭ ئاچ ۋە ئۇسسۇز قالغىنىغا قارىماي مېڭىپ-تۇ، چۇنكى ئۇ كۇندۇزى ھەرىكەت قىلىشنى ئەڭ خەتەرلىك ئىش دەپ بىلىدىكەن. كىچىككىنە مەلىكىنىڭ تاسادىپىي بىرەر خەتەرگە دۇچ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

كەچ كىرگەندە ئۇلار بىر كۆل بويىغا يېتىپتۇ كەپتۇ. كۆل ئەينەكتەك سۇپسۇزۇك ۋە تىپتىنچ، ئەتراپى ئوت-گىياھلار ۋە قومۇشلار بىلەن ئورالغانىكەن.

— مۇشۇ يەردە ئارام ئالايلى، — دەپتۇ چاشقان توخ-تاپ، — بىز چاشقانلارغۇ كۇندۇزى ئۇخلاپ، كېچىسى ھە-رىكەت قىلالىتۇق، بىراق سەن بىز چاشقانلارغا ئوخشاپ كەتمەيسەن، سەن بىزنىڭ ئەكسىمىزچە كۇندۇزى ھەرىكەت قىلىپ، كېچىسى ئۇخلايدىغان مەخلۇق بولۇشۇڭ مۇم-كىن. ساڭا ئۇخلايدىغان جاي ھازىرلاپ بېرەي، خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلىۋال، مەن كۆزەتتە تۇرۇپ سېنى خېيىمخەتەر-دىن ساقلايمەن.

كىچىككىنە مەلىكە چاشقاندىن بەكمۇ مىننەتدار بوپ-تۇ، ئۇنىڭ كۆيۈنۈش ۋە غەمخورلۇقلىرىدىن سۆيۈنۈپتۇ.

— سىزمۇ ئارام ئېلىڭ، — دەپتۇ چاشقانغا ، — مېنى دەپ بەك جاپا تارتتىڭىز.

— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ چاشقان، ئاندىن ئۇ يۇم-شاق ۋە قۇرۇق چۆپلەرنى يىغىپ ئورۇن راسلاپ كىچىككى-نە مەلىكىنى يېتىپ ئارام ئېلىشقا ئۇندەپتۇ. كىچىككىنە

مەلىكىمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ قۇرۇق چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ يېتىپتۇ. چاشقان ئۇنى چۇمكەپ قويۇپ، يېنىدا ئەتراپنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ.

كىچىككىنە مەلىكە يۇمشاققىنە چۆپلەر ئارىسىدا ھۇزۇرلىنىپ يېتىپ ئاسماندا جىمىرلىشىپ يۇرگەن يۇلتۇزلارنى ساناش-قا باش-لاپتۇ: «بىر، ئىككى، ئۈچ··· ئون بىر···» بىر چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپتۇ. شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ئۆز باغرىغا ئاپتۇ، ئۇيقۇدا يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە چاشقان بىردىنلا چېھرىدىن ئاتىلىق مېھرى يېغىپ تۇرغان ئادەمگە ئايلىنىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە: «كەل قىزىم، مەن سېنى سۆيۈپ قوياي، مەن سېنىڭ ئاتاڭ، سەن مېنىڭ ئارزۇلۇق قىزىم، يۇرەك پارەم···» دەۋاتقۇدەك، ئۆزى بولسا: «سىز مېنىڭ دادامسىز، دادا، دادا!» دەپ توۋلىغىنىچە ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارغۇدەك.

بىراق، دەل شۇ ۋاقىتتا تېنىگە مۇزدەك سوغۇق بىر-نېمە تېگىپ، شۈركۈنۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، كۆزىنى ئاچقاندا بولسا ئۆزىنى يوغان بىر پاقىنىڭ يۇدۇپ كېتىۋاتقىنىنى بىلىپتۇ - دە، قورققىنىدىن ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەپتۇ. كۆپ ئۆتمەيلا يەنە بىرنەچچە پاقا كېلىپ ئۇنى تەخسىدەك يۇپيۇمىلاق نىلۇپەر يوپۇرمىقى ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ - دە، كۆلگە ئېلىپ چۈشۈپ، سۆرەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. كىچىككىنە مەلىكە نېمە قىلارىنى بىلمەي قورقۇپ - تېگىرقاپ چاشقاننى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە قاراپتۇ، بىراق چاشقان كۆرۈنمەپتۇ، كۆل بويىدا پەقەت قۇرۇق كىرىستال ھارۋا سوغۇق يالتىراپ قاپتۇ.

«ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟» دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە قايغۇرۇپ: «خەتەرگە يولۇقمىغان بولسىلا بولاتتىغۇ.»

پاقىلار نىلۇپەر يوپۇرمىقىنى سۆرەپ يەڭگىل ئۇزۇپ كۆل يۈزىدە كېتىۋېرىپتۇ، كىچىككىنە مەلىكە ئەنسىزلىك ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمۇۋاپتۇ. بىر چاغدا پاقىلار ئۇزۇشتىن توختاپتۇ، كىچىككىنە مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان بىرنەچچە تال نىلۇپەر گۈلىنى كۆرۈپتۇ، نىلۇپەر گۈللىرى يېنىدا سۇ يۈزىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر دۆڭچە بار ئىكەن.

— نېمىدېگەن چىرايلىق ۋەخۇشبۇي گۈللەرھە؟! — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە نىلۇپەر گۈللىرىگە ھەۋەسلىنىپ.

— مىنىڭ ئوردام تېخىمۇ چىرايلىق ۋە خۇشبۇي، — دېگەن بوغۇق بىر ئاۋاز كەپتۇ دۆڭچىدىن.

كىچىككىنە مەلىكە سەپسېلىپ قاراپ ئۆزىگە گويا بىر تاغدەك بىلىنگەن دۆڭچە باغرىدا تۇرغان، كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان زەر تاجلىق بىر پاقىنى كۆرۈپتۇ.

— سىز كىم؟ — سوراپتۇ كىچىككىنە مەلىكە، — مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىسىلەر؟

— مەن پاقىلار پادىشاھى، — دەپتۇ زەر تاجلىق پاقا مەغرۇرلۇق بىلەن، — سەن ئەمدى سۆيۈملۈك خانىشىم بولىسەن، بىز شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى بۇ يەرگە كەلتۈردۇق.

— مەن سىزگە خانىش بولۇشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە ئاچچىق بىلەن.

— ئۇنى ئوردامغا ئېلىپ كىرىڭلار، — زەر تاجلىق

پاقا باشقا پاقىلارغا، — مېنىڭ ئوردام دۇنيادىكى ئەڭ كۆر-كەم، ئەڭ ئېسىل ئوردا، ئۇ چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىدۇ ھەم خۇشاللىق بىلەن ماڭا خانىش بولىدۇ.

شۇ ھامان پاقىلار كىچىككىنە مەلىكىنى دۆڭچە باغرى-غا ئېلىپ چىقىپتۇ. كىچىككىنە مەلىكە دۆڭچە باغرىدا ئەمدى يوغان بىر كامار بارلىقىنىمۇ ھېس قىپتۇ، پاقىلار ئۇنى سۆرەپ تارتىپ دېگۇدەك كامارغا ئېلىپ كىرىپتۇ. كامار ئىچى خېلى چوڭ بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، تورۇسقا چىراغ ئورنىدا بىر تال ئالمىدەك مەرۋايىت ئېسىلغان، مەرۋايىت نۇرلىنىپ ئۆڭكۈر ئىچىنى يورۇتۇپ تۇرغان، ئۆڭكۈر تاملىرى قارا مارجاندەك ۋالىلداپ تۇرغانىكەن. كىچىككىنە مەلىكە يەنە ئۆڭكۈر ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر جۈپ ئالتۇن - كۈمۈش كۇرسىنى كۆرۈپتۇ. ئىككى تەرەپ-تىكى ياغاچ ئورۇندۇقلار كەينىدە پاقا خانىم، قومچاق خېنىملار كىچىككىنە بېلىق قاسىرىقى يەلپۈگۈچلەردە ئۆز-لىرىنى يەلپۈشۈپ، ئوڭ تەرەپتىكى ياغاچ ئورۇندۇقلار كەينىدە پاقا بەگ، قومچاق بەگزادىلەر گىدىيىپ تۇرۇشقا-نىكەن.

— يېڭى خانىش ئالىيلىرى كەلدى! — دەپ جاكارلاپ-تۇ بىر پاقا.

شۇ ھامان پاقىلار ئوركېستىرى ناغرا - سۇنايلىرىنى چېلىپ قارشى ئېلىش مۇزىكىسىنى ئورۇنداپتۇ. ھەممە-نىڭ دىققىتى بىردەك كىچىككىنە مەلىكىگە ئاغدۇرۇلۇپتۇ ۋە پاقا خانىم، قومچاق خېنىملار يېرىم زوڭزىيىپ، پاقا بەگ، قومچاق بەگزادىلەر يېرىم ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۇ-

رۇشۇپتۇ، ئارقىدىن كۇس - كۇس پاراڭلار باشلىنىپتۇ.

— قاراڭلار، — دەپتۇ پاقا خانىملاردىن بىرى ئېغىز-لىرىنى ماكىلدىتىپ، — بېشىدا ئۇزۇن تۇكلىرى بار ئى-كەن، نېمىدېگەن قاملاشمىغان - ھە؟!

— شۇنداق، — دېيىشىپتۇ باشقىلىرىمۇ تەستىق-لاپ، — تۆت پۇتلاپ سەكرىمەي، ئىككى پۇتلاپ مېڭىشلى-رىچۇ تېخى، نېمىدېگەن ھاكاۋۇر - ھە؟!

— قۇيرۇقى يوق قىز بولسا كېرەك، — دەپتۇ بىر قۇمچاق خېنىم، — شۇڭا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ، قىز بالا دېگەننىڭ قۇيرۇقى بولمىسا قانداق بولغىنى.

پاقا خانىم، قۇمچاق خېنىملار ئارىسىدا كىچىككىنە مەلىكىنىڭ غەيۋىتى كۆزىچىلا شۇنداق قىزىپ كېتىپتۇ، بىراق يەنە بىر تەرەپتىكى پاقا بەگ، قۇمچاق بەگزادىلەر بولسا ئۇنىڭ گۇزەللىكىنى ماختىشىپ، روقلىنىپ تىللى-رىنى چاكىلدىتىشىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغ زەر تاجلىق پاقا كىرىپتۇ، پاقا خانىم، قۇمچاق خېنىملار، پاقا بەگ، قۇم-چاق بەگزادىلەر دەرھال جىمىقىشىپ، يەنە بىر قېتىم يېرىم زوڭزىيىپ ۋە ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۇرۇپتۇ، زەر تاجلىق پاقا كىچىككىنە مەلىكىنى يېتىلەپ ئاپىرىپ كۇ-مۇش كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ، شۇ ھامان پاقا غۇلاملار يوغان بىر چاسا شىرەنى كۆتۇرۇپ كىرىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ-تۇ، زەر تاجلىق پاقا باشلىق ھەممەيلەن شىرە ئەتراپىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئاپتۇ، ئارقىدىنلا پاقا غۇلاملار شىرەگە پەتنۇس - پەتنۇسلاپ چىۋىن - پاشا، كۇمۇتا - چېكەتكە ۋە باشقا خىلدىكى قۇرت - قوڭغۇز، ھاشاراتلارنى ئېلىپ

كىرىپ قويۇشقا باشلاپتۇ. كىچىككىنە مەلىكىنىڭ ئالدىغا تېخى ئالاھىدە قىلىپ بىر پەتنۇس پارقىراپ تۇرىدىغان يېشىل باشلىق چىۋىن قويۇپتۇ، ئاندىن بىر چەتتە تىزلىپ تۇرغان پاقا ئوركىستىرى دىرىژور پاقىنىڭ قوماندانلىق تايىقى كۆتۈرۈشى بىلەن تەڭ كۇر - كۇر مۇزىكىسىنى باشلاپ، ئىشتەي نەغمىسى قىپتۇ، بۇ بىر سىگنال بولۇپ، كىچىككىنە مەلىكىدىن باشقا داستىخان ئەھلى تەڭلا ناز ۇنې-مەتلەردىن بەس - بەستە ئېغىزلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارغا نە قوشۇق - كويزا، نە پىچاق - ۋىلكا كەتمەيدىكەن، شۇ تاپتا پاقا خانىم - قۇمچاق خېنىملارنىڭ ئىلگىرىكى ناز - سۈلكەت، نازاكەتلىرىمۇ، پاقا بەگ، قۇمچاق بەگزادىلەر-نىڭ ھاكاۋۇرلۇق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشلىرىمۇ ئاللىقاياقلار-غىدۇر كېتىپ قالغان، ھەممىسىنىڭ كۆزى شىرەدە، شى-رەدىكى پەتنۇسلاردا، تىللىرى توختاۋسىز سوزۇلۇپ - يىغىلىپ، ھاشاراتلارنى يالماپ يۇتۇش بىلەن مەشغۇل ئى-كەن، ھەربىرى شۇ تاپتا باشقىلاردىن كۆپرەك يېۋېلىشنىلا ئويلايدىكەن. كىچىككىنە مەلىكە كۆڭلى ئاينىپ ئولتۇرال-ماي:

— بىردەم سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ كىرسەم،— دەپتۇ پاقا پادىشاھقا.

پاقا پادىشاھ دەرھال ئىككى پاقا غۇلامنى ئۇنى سىرتقا ئاچىقىپ قويۇشقا ۋە خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ، كىچىككىنە مەلىكە شۇنداق قىلىپ، پاقا ئوردىسىدىن چىقىۋاپتۇ. پاقا غۇلاملار ئۇنى بىر تال شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك نىلۇپەر گۈلى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى زىياپەتتىن

ئاز - پاز بولسىمۇ نىسۋە يېيىش ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ پاقىلار ئوردىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

تولۇن ئاي پارلاپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان تۈن ئاسمىنىغا قاراپ، نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە ئولتۇرغان كىچىككىنە مەلىكە يۈزلىرىدىن سۆيۈپ ئۆتكەن سالقىن شامالغا شىۋىرلاپتۇ:

— ئاھ! قەدىرلىكىم چاپقۇر شامال، قەدىرلىك چاشقىنىمدىن خەۋەر بەرسەڭچۇ؟ ئۇ قەيەردىدۇ، تىنچ - ئامان تۇرۇۋاتقانمىدۇ؟

— ئۇ ساڭا ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيدۇ، — شۇنداق سادا كەپتۇ نىلۇپەر گۈلى لەيلەپ تۇرغان سۇ يۈزىدىن، — بىلمەكچى بولغانلىرىڭنى مەن ئېيتىپ بېرەي.

كىچىككىنە مەلىكە چۆچۈپ كېتىپ سادا چىققان يەرگە قاراپتۇ، پۈتۈن تېنى چوغدەك قىزىل، ئالتۇن گىرۋەكلىك تەڭگىچە قاسىراقلار بىلەن قاپلانغان، كۆزلىرى تومپىيىپ چىققان سېمىز غىنە بىر ئالتۇنبېلىق ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغانىكەن.

— سۆزلەۋاتقان سىزمۇ؟ — سوراپتۇ كىچىككىنە مەلىكە ئەجەبلىنىپ.

— شۇنداق، — دەپتۇ ئالتۇنبېلىق سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، — سەن چاشقاننىڭ نەدە تۇرۇۋاتقىنىنى، قانداق بولغىنىنى بىلمەكچىغۇ؟ قولاق سال، مەن قىرغاقا يېقىن يەردە ئويناپ يۈرەتتىم. چاشقان سېنى پەپىلەپ، ئەتراپنى كۆزىتىپ ئولتۇرغانىكەن، شۇ چاغ بىر مۈشۈكياپىلاق پەيدا بولدى، چاشقان ئۇنىڭ سېنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە

قىلىپ ئۆز تېنى بىلەن سېنى توسۇۋالدى، مۇشۇكياپىلاق شۇڭغۇپ چۈشۈپ ئۇنى تۇتۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا كۆل بويىدا چارلاپ يۈرگەن پاقىلار سېنى كۆرۈپ قېلىپ پاقىلار شاھىغا خەۋەر قىلدى، ئاندىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، سەن ئۇخلاپ قالغاندا بولغان ئىشلار ئەنە شۇ.

— ئاھ! بىچارە چاشقىنىم، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە قايغۇرۇپ، — ئۇنى مۇشۇكياپىلاق يېۋەتكەندىمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ.

— بەلكىم مۇشۇكياپىلاق ئۇنى ئۇۋىسىغا ئېلىپ بارغۇچە بىرەر يەردە چۈشۈرۈپ قويغاندۇ، — دەپتۇ ئالتۇنبېلىق تەسەللى بېرىپ، گەرچە شۇنداق بولۇشىغا ئۆزىنىڭ قىلچە ئىشەنچىسى بولمىسىمۇ.

— مەن ئۇنى ئىزدەپ تاپسام بولاتتى، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە ئۈمىدلىنىپ، — مەن ئۇنىڭغا موھتاج، ئۇ ماڭا كۆيۈنەتتى، مېنى ئاسرايتتى، ئۇ بەك ياخشى ئىدى.

— سەن پاقىلارغا خانىش بولۇشنى خالىمامسەن؟ — سوراپتۇ ئالتۇنبېلىق، — ئۇلار ھېلىلا بوينۇڭغا بىر تىزىق ئۈششاق مەرۋايىت ئېسىپ، پاقىلار شاھى بىلەن نىكاھىڭنى قىلىدۇ.

— ھەرگىز خالىمايمەن، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە.

— ئۇنداقتا مەن سېنى قۇتقۇزۇپ قوياي، — دەپتۇ ئالتۇنبېلىق نىلۇپەرگۈلىنىڭ ساپىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ، ئاندىن بىر تال تاياقچىنى چىشلەپ كېلىپ، — بۇنى

پالاق ئورنىدائىشلەت،— دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكىگە،— نىلۇپەرگۈلى ساڭا ئەڭ ياخشى قىيىق بولىدۇ، شامالمۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ، سەن بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋال، مەن سېنى ئىزدەپ چىققان پاقىلارنى باشقا تەرەپكە باشلاپ قوياي.

كىچىككىنە مەلىكە ئالتۇنبېلىققا تەشەككۈر ئېيتىپ، نىلۇپەرگۈلىنى قېيىق ئورنىدا ھەيدەپ پالاق ئۇرۇپ، ئۇ-زۇپ كېتىپتۇ، سالقىن شامالمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ئىتتىرىپ بېرىپتۇ. ئۇزۇپتۇ، ئۇزۇپتۇ، تاڭ سوزۇلۇپ، مەشرىق ئاسمىنى قىپقىزىل شەپەق بىلەن پۈركىنىپتۇ، كۆل يۈزىمۇ قىزىللىققا چۈمۈپتۇ، كىچىككىنە مەلىكە قىر-غاقتىن يىراقلاپ كۆل ئوتتۇرىسىغا كېتىپ قالغىنىنى ھېس قىپتۇ، قوللىرى تېلىپ، بىلەكلىرى سىرقىراپ ئاغرىپتۇ. بىراق، «ھېچقىسى يوق» دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ «ئازراق چىداپ، بەرداشلىق بېرىپ ئۈز-سەملا ئاخىر قىرغاققىمۇ يېتىۋالىمەن.»

بىر چاغدا ئۇ كىچىككىنە بىر ئارالغا كەپتۇ، ئارال مارجاندىن بىنا بولغان، تاشلىرى ئورنىدا مەرۋايىتلار چې-چىلىپ ياتقان، دەل - دەرەخلىرىنىڭ غولى كۈمۈش، ياپ-راقلىرى ئالتۇندىن، مېۋىسى لەئەل - زۇمرەتتىن، ھۇپ-پىدە ئېچىلىپ، خۇشبۇي چېچىپ تۇرغان گۈل - چېچەك-لەرنىڭ بەرگى قىياقلىرى رەڭگارەڭ ياقۇتتىن ئىكەن، شامال چىققان ھامان يوپۇرماقلار جىرىڭلاپ، يېقىملىق مۇزىكا ساداسى چىقىرىدىكەن.

كىچىككىنە مەلىكە ئارالغا بەكمۇ مەپتۇن بوپتۇ، لې-

كىن چاشقاننى ئويلاپ نېلوپەر قېيىقىنى ھەيدەپ كېتىۋې-
رىپتۇ. شۇ چاغ ئارالدىن كېپىنەكلەردەك بىر جۈپ قانىتى
بار بارماقچىلىك بىر بالا ئۇچۇپ كېلىپ:

— كىچىككىنە مەلىكە، — دەپتۇ ئەدەپ بىلەن، —
ئارالغا مەرھەمەت قىلىڭ، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئې-
سىل نەرسىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
سىزگە مەنسۇپ، مەن ۋە ئارالدىكى باشقا باشمالتاق باللار
سىزنى قارشى ئالىمىز، بىز بىرلىكتە ئارالدا مەڭگۈلۈك
بەختتىن بەھرىمەن بولۇپ ياشايمىز، ھېچبولمىغاندا بىر-
دەم بولسىمۇ ئويناپ كېتىڭ.

بىراق، كىچىككىنە مەلىكە سىلىققىنە رەت قىلىپ:

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ ئۇنىڭغا، — مەن ئاق چاشقى-
نىمنى ئىزدەيمەن، ئۇنى تاپمىغۇچە ھەرگىز توختىمايمەن،
مەن ئۇنىڭغا موھتاج، ئۇ ماڭا كۆيۈنەتتى، مېنى ئاسرايت-
تى، ئۇ بەك ياخشى ئىدى.

ئۇ نېلوپەر قېيىقىنى ھەيدەپ يولىنى داۋام قىلىۋېرىپ-
تۇ، ھېرىش - چارچاشنىمۇ ئۇنتۇپتۇ، ئۆزىگە دېڭىزدەك
بىلىنىۋاتقان كۆل سۈيىنىڭ دولقۇنلاپ، نېلوپەر قېيىقىنى
ئۆرۈۋېتىشكە، ئۆزىنى غەرق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشلىرىغى-
مۇ پىسەنت قىلماپتۇ. بىر ۋاقىتلاردا ئۇ يەنە بىر ئارالغا
دۇچ كەپتۇ، بۇ ئارال قىپقىزىل مارجاندىن بىنا بولغاندەك
تۇيۇلىدىكەن، بىراق ئەسلىي ئۇ ئۇشتىسىلا يىگىلى بولىدى-
غان كەمپۇت ئىكەن. ئېرىقلىرىدا سۈت بىلەن شەربەت
ئاقىدىكەن، تاش ئورنىدا شاكالسىز پىششىق تۇخۇم، دە-
رەخلىرىدە ئەڭ ئېسىل مېۋىلەر ۋە تاتلىق بولكا - توقاچلار

ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن، جاھاندىكى بالىلار ياخشى كۆرىدىغان ھەممە يېمەك - ئىچمەكلەر بۇ يەردە تەل ئىكەن. شۇ چاغ خىلمۇخىل، ئاجايىپ ئېسىل ئويۇنچۇقلارنى كۆتۈرگەن بو-يى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر توپ بالا ئارال لېۋىگە كېلىپ ئۇنى چاقىرىپتۇ:

— كىچىككىنە مەلىكە، بۇياققا كېلىڭ، ئارالغا مەر-ھەمەت قىلىڭ، بۇ يەردە مەڭگۇ تۈگىمەس ئەڭ ياخشى نازۇنېمەتلەر ۋە ئۇزلۇكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ياخشى ئويۇنچۇقلار بار، بىز بۇ يەردىكى بەختتىن بىللە بەھرىمەن بولايلى، سىز ئارالغا چىقسىڭىزلا ھەممىسى سىزگە مەڭ-سۇپ بولىدۇ، تېز چىقىڭ، ھېچبولمىسا بىردەم بولسىمۇ ئويناپ كېتىڭ.

— بولمايدۇ،— دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە يەنە سىلىق-قىنە،— مەن ئاق چاشقىنىمنى ئىزدەيمەن، مەن ئۇنىڭغا موھتاج، ئۇ ماڭا كۆيۈنەتتى، مېنى ئاسرايتتى، ئۇ بەك ياخشى ئىدى.

ئۇ يەنىلا نېلۇپەر قېيىقنى ھەيدەپ كېتىۋېرىپتۇ، ھې-رىش - چارچاشمۇ، كۆل سۈيىنىڭ دولقۇنلاپ نېلۇپەر قېيىقنى ئۆڭتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇشلىرىمۇ ياندۇرالماپتۇ، قورقۇتالماپتۇ. ئۇزۇپتۇ، يۇرۇپتۇ، ئاخىر قىرغاققىمۇ يې-تىپتۇ.

— ئاھ! قەدىرلىكىم نېلۇپەر،— دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە نېلۇپەر گولىنىڭ بەرگى قىياقلىرىغا سۆيۈپ تۇ-رۇپ،— ئەمدى ئايرىلىدىغان بولدۇق، خەير - خوش.

ئۇ ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن سەكرەپ - تاقلاپ يۇ-

رۇپ كېتىپتۇ، ئەمما تەرەپ - تەرەپتىن يىرتقۇچ قۇشلار، ئاغمىخان، يىلانلار، مۇشۇكلەرنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە تىكى-لىپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلىپ قورقۇنچ بېسىپتۇ، لېكىن سەللا تېڭىرقاشتىن كېيىن يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ، ياۋا ئوت - چۆپلەر ئۇنىڭغا ھەمراھ بوپتۇ، ئۇ ئاخىر بىر يېزىنىڭ چېتىگە يېتىپتۇ، بۇ يەردە پەر - قاناتلىرى ئوت-قاشتەك ۋالىلداپ تۇرىدىغان بىر خوراز ئون نەچچە مېكى-يانىنى باشلاپ داتلاپ يۈرگەنىكەن.

— سالام سىزگە خوراز ئاكا، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە ئالدىغا بېرىپ، — سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ خوراز، ئۇ كىچىككىنە مەلىكى-نى بىرلا چوقۇلاپ يېۋېتىشنىمۇ ئويلاپتۇ، بىراق گېلىغا قاپلىشىپ تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ توختاپ قاپتۇ، — قېنى سوراڭ كىچىككىنە مەلىكە.

— مەن ئاق چاشقاننى ئىزدەيتتىم، — دەپتۇ كىچىك-كىنە مەلىكە، — ئۇنى مۇشۇكياپىلاق تۇتۇپ كەتكەنىكەن، لېكىن چىڭراق قامالىيالماي چۇشۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇم-كىنغۇ، شۇڭا ئۇنى قانداق تېپىش ھەققىدە سىزدىن مەس-لىھەت سوراپ كەلگەنىدىم.

— بىر سېسىق چاشقاننىڭ گېپىمۇ، — دەپتۇ خوراز مەنستىمەسلىك بىلەن، — ئۇ ساڭا نېمانچە زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى.

— ئۇ ماڭا كۆيۈنەتتى، مېنى ئاسرايتتى، ئۇ بەك ياخشى ئىدى، مەن ئۇنىڭغا موھتاج، — دەپتۇ كىچىككىنە

مەلىكە.

— بىراق، — دەپتۇ خوراز، — جاھاندا چاشقاندىن تولا نېمە يوق، مۇشۇك ۋە مۇشۇكياپىلاقلار تۇتۇپ يەپ قويغىنىمۇ كۆرمىدىڭ، سەن دەۋاتقان چاشقاننىمۇ مۇشۇكياپىلاق تۇتۇپ كەتكەن بولسا ئامان قېلىشى يوق گەپ، ئامان قالدى دېگەندىمۇ شۇنچە كەڭ جاھاندىن قانداق تاپىمىز.

كىچىككىنە مەلىكە ئۈمىدسىزلىنىپ قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمۈپتۇ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ.

— بولدى، بولدى، يىغلىما، — دەپتۇ ئەزەلدىن كۆز يېشىدىن قورقىدىغان خوراز، — مەن سېنى ئايدىكى كىچىك سېھىرگەر قېشىغا ئېلىپ چىقاي، سەن ئىزدىگەن چاشقاننى ئۇ تېپىپ بەرسۇن ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسۇن، ئۇ ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە شادلىنىپ.

— بىراق، سېنى ئايغا ئېلىپ چىققۇچە شامال ئۇچۇرۇپ كېتىشى، چاقماق ياكى مۆلدۈر سوقۇۋېتىشى مۇمكىن، شۇنداق بولۇپلا قالسا جېنىڭ ئامان قالمايدۇ، شۇنداق خېيىمخەتەرلەردىن ئامان قالغان تەقدىردىمۇ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت چېكىسەن، بۇلارغا رازىمۇ سەن، — دەپتۇ خوراز ئاگاھلاندۇرۇپ.

— رازى، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە قەتئىيلىك بىلەن، — ھەممىسىگە رازى.

ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسىدىن تەسىرلەنگەن خوراز ئاخىر ئۇنى ئايغا ئېلىپ چىقىشقا قوشۇلۇپتۇ ۋە كەچ كىرگۇ-

چە قورساقنى ئوبدان توقلاپ، ماغدۇر يىغىش ئۈچۈن مې-
كىيانلىرىنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىر ئۆزىلا باش
كۆتۈرمەي دانلاشقا باشلاپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ، خوراز كىچىككىنە مەلىكىنى ئۈستىگە
ئولتۇرغۇزۇپ ئۇچۇشقا تەييارلىنىپتۇ.

— ئاي كۆتۈرۈلگەن هامان ئۇچىمىز، — دەپتۇ ئۇ، —
تاڭ ئېتىپ ئاي پاتقۇچە ئايغا چىقىۋالساق تەلىيىمىز، بول-
مىسا تۈگەشكىنىمىز شۇ.

كىچىككىنە مەلىكە ئۇنىڭ دۇمبىسىدىكى يۇمشاق پەي-
لىرى ئارىسىغا چۆكۈپ، مەهكەم جايلىشىپتۇ، ئاي كۆتۈ-
رۈلگەن هامان خوراز قانات قېقىپ كۆككە پەرۋاز قىپتۇ.
ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، توختىماي بار كۈچى بىلەن ئۇچۇپتۇ،
ئاي بولسا مەشرىقتىن كۆتۈرۈلگەنچە ئاسمان گۇمبىزىدىن
يايسىمان هالقىپ مەغرىب ئۇپۇقلىرى تامان كېتىۋېرىپتۇ.
گاه قاتتىق شامال چىقىپ كىچىككىنە مەلىكىنى ئۇچۇرۇپ
كەتمەكچى بوپتۇ، گاه چاقماق چېقىپ، گاه مۆلدۈر چۈ-
شۈپ، ئۇنىڭ هاياتىغا خېيىمخەتەر يۈزلىنىپتۇ، لېكىن
خوراز ئەپچىللىك بىلەن ئەگىپ ئۇچۇپ، كىچىككىنە مەلى-
كىنى ئامان - ئېسەن ئېلىپ ئۇچۇپتۇ، تۈنمۇ ئاخىرلىشاي
دەپتۇ. بىراق، ئۇلار تېخىچە ئاي قېشىغا يېتەلمەپتۇ،
كىچىككىنە مەلىكە بولسا ئۇمىدسىزلەنمەي ناخشا ئوقۇشقا
باشلاپتۇ.

ئاسمان كەڭ، زېمىن كەڭ،
بەكمۇ بىپايان.

قايدا سەن مېھرىبانىم،
كەتتىڭسەن قايان.

تاپىمەن بولغىنىسەن،
نە يەردە مەيلى.
بولسىمۇ بۇ يوللار،
خەتىرى يامان.

خوراز ئۇنىڭ ناخشىسىدىن مەدەت ئېلىپ تېخىمۇ تېز ئۇچۇپتۇ، ئاخىر ئاي پاتاي دېگەن مەھەلدە ئايغا يېتىپتۇ. ئەمما، كىچىك سېھىرگەر كۆرۈنمەپتۇ.

— ئۇ قەيەرگە كەتكەندۇ؟— دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە تاقەتسىزلىنىپ.

— ئۇ ھازىر كۆرۈنمەيدۇ،— دەپتۇ خوراز،— بىز ئەمدى كۇنپاتقۇچە ساقلايدىغان بولدۇق.

— ھېچقىسى يوق،— دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە.

ئاي ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلار بىلەن تولغان كىچىك-كىنە سەييارە ئىكەن، قۇياش كۆتۈرۈلگەن ھامان قۇياشنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى ئۇنى قىزدۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە تېزلا بىر غايەت زور چوغقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئاي كۇندۇزى قوبۇل قىلغان نۇر ۋە ئىسسىقلىقنى كېچىسى تارقىتىپ، زېمىنغا يورۇقلۇق بېغىشلايدۇ، — دەپتۇ خوراز چۈشەندۇرۇپ.

بىراق، ئوتلۇق ھارارەت تەپتىدە قىزىپ كاۋاپ بولۇپ قالايلا دەپ قالغان كىچىككىنە مەلىكىنىڭ كىچىككىنە قۇ-

لاقلىرىغا بۇ گەپلەر كىرمەپتۇ، بەلكى ئۇ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ.

خوراز دەرھال قاناتلىرىدا يەلپۈپ ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — سىنى زېمىنغا قايتۇرۇپ كېتەيمۇ، — دەپتۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن، — بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەڭ تۇگىشىپلا كەتكۈدەكسەن.

— بەرداشلىق بېرىمەن، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە، بىراق بارغانسېرى ھالى خارابلىشىپتۇ.

خوراز ئاخىر ئۇنى ئۇستىگە ئېلىۋاپتۇ ۋە توختىماي ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئاي يۇزىدىن قايتقان ئوتلۇق ھارارەت تەپتىدىن ساقلاپتۇ. ئاخىر كەچ كىرىپتۇ، قۇياش پېتىپ، ئاي مەشرىق ئۇپۇقلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ، شۇ چاغ ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، كىچىك سېھىرگەرنىڭ سىيماسى پەيدا بوپتۇ، ئۇ كۇندۇزى قاياققىدۇر كېتىپ كېچىسىلا قايتىپ كېلىدىكەن.

ئۇ دەسلەپ كۆرۈنگەندە غايەت زور كۆلەڭگىدەك زاھىر بوپتۇ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا كىچىكلەپ، بويى بىر غېرىچ ھالىتىگە كەپتۇ ـ دە، سالقىن تۈن شامىلى يەلپۈپ يېڭىلا ھوشىغا كەلتۈرگەن كىچىككىنە مەلىكىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— ئۇ مەن پادىشاھقا ئىنئام قىلغان كىچىك مەلىكە ئىدىغۇ، سەن ئۇنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ چىقتىڭ، ئۇ نېمىشقا تېخىچە كىچىككىنە ھالىتىدە تۇرىدۇ؟

— پادىشاھ كىچىك شاھزادە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئۇنى غۇنچىدىن چىقىرىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان، شۇنىڭ

بىلەن لوڭقا بىلەنلا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ دەسسىلىپ قالاي دېگەندە تەخت ئاستىدا ماكانلاشقان ئاق چاشقان قۇتقۇزۇپ ئۆۋىسىغا ئەكىرىۋالغانىكەن، غۇنچىغا ئاشۇ چاشقانىنىڭ لېۋى تەگكەن بولغاچقا، ئۇ چوڭقىيالماي، بوي - بەستى چاشقان بالىسىدەك كىچىككىنە بولۇپ قېلىۋەرگەن، بۇ بىچارە كېيىن ئۆزىگە كۆيۈنۈپ، ئاسراپ كەلگەن ئاشۇ چاشقاندىنمۇ ئايرىلىپ قېلىپ، كۆپ رىيازەتلەر چېكىپتۇ. شۇڭا، رەھىم قىلىپ ئالدىڭىزغا ئېلىپ چىقتىم. ئۇ سىزدىن ئاشۇ ئاق چاشقاننى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنمەكچى، — دەپتۇ خوراز ئەھۋالنى بايان قىلىپ.

— ۋاي بىچارە، — دەپتۇ كىچىك سېھىرگەر، — نۇرغۇن دىشۋارچىلىق تارتىپسەن، مەن چوقۇم ساڭا ياردەم قىلىمەن.

— ئاشۇ قەدىرلىك چاشقىنىمنى تېپىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ كىچىككىنە مەلىكە تەقەززالىق بىلەن.

كىچىك سېھىرگەر كانىيىنى چاپتۇ، كانايدىن دەرھال بىر يۇمىلاق مىس ئەينەك ئۇچۇپ چىقىپتۇ.

— ئەينەككە قاراپ باقايلى، — دەپتۇ سېھىرگەر.

ئەينەكتە ئاۋۋال بىر ئورمانلىق، ئورمانلىقتىكى بىر قېرى دەرەختە قۇيرۇقىدىن ئېسىپ قويۇلغان ئاق چاشقان كۆرۈنۈپتۇ، ئۇنىڭ جېنى بار - يوقلىقى ئارىلىقىدا، كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇرغانىكەن.

— ئاھ! مېنىڭ چاشقىنىم، — توۋلىۋېتىپتۇ كىچىككىنە مەلىكە.

— توغرا، — دەپتۇ كىچىك سېھىرگەر، — ئۇ مۇ-

شۇكياپىلاقنىڭ چاڭگىلىدىن چۇشۇپ قالغان، سېنى ئىز-
دەپ ماڭغىنىدا بەختكە قارشى بۇلغۇنغا تۇتۇلۇپ قالغان،
بۇلغۇن بولسا ئۇنى قىشلىق ئوزۇق قىلىش ئۇچۇن قاق
قىلىپ ساقلاشقا ئېسىپ قويۇپتۇ، ئۇنى سەن بېرىپ قۇتقۇ-
زىسەن، ئۇ ئۇلەر ھالىتىدىمۇ يەنىلا سېنى ئويلاپ، سېنىڭ
غېمىڭنى يەۋېتىپتۇ.

— ئۇنى قۇتقۇزۇشقا تېزرەك بارسام بولاتتى، — دەپتۇ
كىچىككىنە مەلىكە تىپىرلاپ ئەنسىزلىك بىلەن.

— ئالدىرىما، — دەپتۇ كىچىك سېھىرگەر. ئارقىدىن-
لا ئۇ ئەينەكنى ئۆرۈپتۇ، ئەمدى ئەينەكتە ھېلىقى ھەشە-
مەتلىك ئوردا، ئۇردا ئىچىدىكى ئالتۇن تەختتە ئىككىلا
كۆزى كور بولۇپ قالغان قېرى شاھ قايغۇ - نادامەت
ئىچىدە ئولتۇرغان، توققۇز ياشلاردىكى شاھزادىسى بولسا
ھېچ نەرسىدىن غەم تارتماي ئالتۇن ساقىسىنى ئويناپ تۇر-
غان، شاھ قەسرىنىڭ سىرتىدا بولسا بىر قىسىم تۇزكور
ۋەزىر - ئەمەلدارلار كور پادىشاھنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستى-
نى پىلانلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر نامايان بوپتۇ.

— ئاۋۋال بېرىپ ئۆز ئاتاڭنى قۇتقۇزغىن، — دەپتۇ
كىچىك سېھىرگەر كىچىككىنە مەلىكىگە.

— مەن ئۇنى تونۇمايدىغان تۇرسام، — دەپتۇ كىچىك-
كىنە مەلىكە ئەجەبلىنىپ، — قانداقمۇ ئۇنى ئاتام دەپ
بىلەي، ماڭا ئاق چاشقان بولسىلا كۇپايە، ئۇ ماڭا كۆيۈنەت-
تى، مېنى ئاسرايتتى، مەن ئۇنىڭغا موھتاج، پادىشاھنى
قۇتقۇزۇشۇمنىڭ نېمە ھاجىتى.

— ئۇ سېنىڭ ئۆز ئاتاڭ، — دەپتۇ كىچىك سېھىرگەر

يەنە، — ئۇ چوقۇم ئىلگىرىكى خاتالىقىغا پۇشايمان قىلى-دۇ، ئاۋۇ كىچىك شاھزادە بولسا سىنىڭ ئۆز ئاكاڭ، ئۇ ھېچنېمىدىن غەم يېمەي راھەتتە ياشاۋاتقان بولغاچقا سې-نىڭدەك ئەقىللىق بولالمىدى، ئەمدى بېرىپ پادىشاھ ئاتاڭ-نى قۇتقۇزغىن، بۇنىڭ ئۇچۇن ئىككى تامچە كۆز يېشىڭلا كۇپايە، ئاندىن بېرىپ چاشقاننى قۇتقۇزغىن، ئۇ ئورددىن ئانچە يىراق بولمىغان ئورمانلىقتا، سەن بارغۇچە ھېچنېمە بولمايدۇ.

كىچىككىنە مەلىكە ئەينەكتىن ئەسلىدىكى ئۆز ئاتى-سىنىڭ بىچارە ھالىتى ۋە ئاكىسىنىڭ گۆدەكلەرچە بىغەم-لىكىنى، ۋەزىر - ئەمەلدارلارنىڭ سۇيىقەست پىلانلاۋاتقان-لىقىنى كۆرۈپ، ئاتىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ كېيىنكى ئاقى-ۋىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ - دە، ئىختىيارسىز كۆز-لىرىگە ياش ئاپتۇ، بۇنى سەزگەن كىچىك سېھىرگەر دەر-ھال كانىيىنى پۈۋلەپتۇ، كىچىككىنە مەلىكە كۆزنى يۇ-مۇپ- ئاچقۇچە ئارىلىقتا پادىشاھنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

— ئاتا، مەن كىچىككىنە مەلىكىڭىز، — دەپتۇ كى-چىككىنە مەلىكە.

— خۇداغا شۈكرى، — دەپتۇ شاھ ئۇنى سىلاشتۇ-رۇپ، — سەن ئاخىر قايتىپ كەلدىڭ.

پادىشاھ ھاياجىنىنى باسالماي، كۆز ياشلىرىنى تۆ-كۈپتۇ، كىچىككىنە مەلىكىنى سىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ سۆيۈپ-تۇ، شۇ ھامان كىچىككىنە مەلىكە چوڭىيىپ بويى ئۇچ غېرىچ ھالەتكە كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق ھەممە نەرسىمۇ

ماس هالدا چوكچيىپ ئۆزىرىپ بېرىپتۇ.

مەلىكە ئەمدى كۆزلىرىدىن تامچىلىغان يېشىنى پادى-شاھنىڭ كۆزلىرىگە سۈركەپتۇ، شۇ هامان پادىشاھنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە روشەن-لىشىپتۇ، ۋۇجۇدى ھەم كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ، مەلى-كىنى قايتىدىن ئاتىلىق مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن باغرىغا بېسىپتۇ، مەلىكە بولسا ئۇنى ۋەزىرلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپلا ئاق چاشقاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئورمانلىققا چېپىپتۇ. يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرۈپتۇ، ئايىغى چۇشۇپ قېلىپ يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپتۇ، تاپانلىرى تىلى-نىپ، قىپقىزىل قانلىرى ئېقىپتۇ، قان تامچىلاپ قالغان يەرلەردىن قىپقىزىل ئەتىرگۇللەر ئۈنۈپ، ھۇپپىدە ئېچى-لىپ، ئوتتاشتەك جۇلالاپ، خۇش پۇراق چېچىشقا باشلاپ-تۇ.

مەلىكە ئاخىر ئاق چاشقان ئېسىلغان دەرەخ يېنىغىمۇ كەپتۇ، يامىشىپ چىقىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ ھوشى-دىن كەتكەن چاشقاننى ئاۋايلاپ ئېلىپ چۈشۈپتۇ - دە:

— ئاھ قەدىرلىك چاشقىنىم، ئاخىر سېنى يەنە تېپى-ۋالدىم، — دەپتۇ - دە، سۆيۈپ قويۇپتۇ، شۇ هامان چاش-قان ھوشىغا كېلىپ، قىلچە جاپا چەكمىگەندەك جانلىنىپ-تۇ:

«ۋىچ - ۋىچ» قىلىپ ۋىچىلداپ قويۇپتۇ، مەلىكە ئۇ-نىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپ-تۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دېگەن سادا كەپتۇ شۇ چاغ

يىراق - يىراقلاردىكى كىچىك سېھىرگەردىن، — ئۇ سېنىڭ كىملىكىڭنى ۋە نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى بىلدى، ئىلگىرى كىچىك ئىدىڭ، بىر - بىرىڭلارنىڭ تىلىنى ئۇقاتتىڭلار، ھازىر چوڭ بولدۇڭ، ئەمدى جانىۋارلار بىلەن سۆزلىشەلمەيسەن، بىراق ھامان ئۇلار قەلبىڭدىكىنى سېزىدۇ.

مەلىكە شادلىنىپ چاشقاننى باغرىغا بېسىپ كۆتۈرگەنىچە ئوردىغا قايتىپتۇ، ئۇ ئوردىغا كىرىپ كەلگەندە پادىشاھ ئاللىبۇرۇن سۇيىقەستچىلەرنى بېسىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن.

— ئاھ! سۆيۈملۈك قىزىم، — دەپتۇ ئۇ مەلىكىنى باغرىغا بېسىپ، — سەن ئاتاڭنى قۇتقۇزدۇڭ.

— ئاھ! سۆيۈملۈك سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسىمۇ بويىنىغا ئېسىلىپ، — سەن بىزنى قۇتقۇزدۇڭ.

مەلىكە ئۇندىمەپتۇ، بەلكى چاشقاننى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ چاشقان بۇ ئوردىنىڭ قانۇنلۇق بىر ئەزاسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ پادىشاھ، مەلىكە، شاھزادە بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يەيدىكەن ۋە يەنىلا بۇرۇنقىدەك مەلىكىدىن خەۋەر ئالىدىكەن، ئوردىنىڭ ئىت - مۈشۈكلىرىمۇ ئۇنىڭغا زادىلا چېقىلمايدىكەن.

# ئەتىرگۈل مەلىكە

يىراق بىر زامانلاردا، خىلۋەت بىر تاغلىق يېزىدا بىر موماي تەنها ياشايدىكەن، ئۇ شۇنداق نامرات ئىكەنكى، كەپىسىگە چاشقان كىرىپ قالسىمۇ يامانلاپ چىقىدىكەن، ئۆيىدە ئەسكى پالىسى، يىرتىق يوتقان - كۆرپىسى، پۇچۇق قازىنى، سۇنۇق ھىجىردىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن.

بىچارە موماي نېمىگە تايىنىپ جان باقىدۇ دەمسىز، ئۇ ھەر كۈنى ئۆيى ئالدىدىكى تاغ - ئېدىرلىقتىن دورىلىق گىياھلارنى يىغىپ، نۇرغۇن يول يۈرۈپ، شەھەردىكى دورىپۇرۇشقا ساتىدىكەن، ئىنساپسىز دورىپۇرۇش بۇ دورىلىق گىياھلارنى ئاران بىرنەچچە تىيىنغىلا سېتىۋالىدىكەن، مومايغا نېمە ئامال. ئۇنىڭ دورىلىق گىياھلىرىنى سېتىۋالىدىغان باشقا بىرى بولمىسا.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ھويلىسىغا شامال بىر تۈپ ئەتىرگۈل كۆچىتىنى ئۇچۇرۇپ كەپتۇ. موماي: «ۋاي ئىسىت، بىر ئوبدان گۈل كۆچىتىنى قايسى ھاماقەت يولۇپ تاشلىۋەتكەندۇ» دەپ غۇدۇرغىنىچە گۈل كۆچىتىنى ھويلىسىغا تىكىپ قويۇپتۇ، ئاندىن سۇغىرىپتۇ، ئەتىسى يەنە ئوغۇتلاپ پەرۋىش قىپتۇ، ئاقىۋەت ئەتىرگۈل كۆچىتى

ئوبدانلا تۇتۇپ قاپتۇ ۋە بىر تال غۇنچىلاپتۇ، موماينىڭ ھېلىلىدەك قورۇلغان يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ ۋە ئەتىرگۈل كۆچىتىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك، بەلكى ئۆز پەرزەنتىگە ئوخشاش كۆرۈپ، كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىپتۇ. ئەجىرىگە يارىشا گۈل كۆچىتى ئوبدانلا ئايىنىپ، غۇنچىسى كۈنسېرى چوڭىيىپ بىرىپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، گۈل كۆچىتى كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك توملۇقتا، غۇنچىسى چىلگىدەك چوڭلۇقتا يوغىناپتۇ، لېكىن غۇنچە ئېچىلماپتۇ، موماي سەل مەيۈسلىنىپ قاپتۇ. لېكىن، پەرۋىشنى توختاتماپتۇ، ھەركۈنى دېگۈدەك ۋاقتىنى گۈلگە قاراش، گۈل پەرۋىش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. دورىلىق گىياھ يىغقىلى تاغ - ئېدىرلارغا بارىدىغان ۋاقتى ئازلاپتۇ، بەزى كۈنلىرى، ھەتتا بازارغا بېرىشقىمۇ يېتىشەلمەپتۇ، شۇ سەۋەبلىك كۈنلىرى تېخىمۇ غۇربەتچىلىكتە قاپتۇ، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ ۋايسىماپتۇ.

پات - پات گۈلنى يوقلاپ كېلىدىغان شامالنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئەمدى ھەر قېتىم غۇيۇلداپ كەلگىنىدە مېۋە - چېۋىلەرنى ئۇچۇرۇپ كېلىدىغان بوپتۇ.

گۈل كۆچىتى ئاخىر توملۇقى چوڭ ئادەمنىڭ بىلىكىدەك، غۇنچىسى بىر - بىرىگە كۆمتۈرۈپ قويۇلغان جۈپ قازاندەك بولغاندا ئۆسۈشى توختاپتۇ. لېكىن، يەنىلا ئېچىلماپتۇ. موماي بۇنىڭدا نېمە سىر بارلىقىنى بىلەلمەي تولىمۇ ھەيران بوپتۇ، ھەر كەلگەندە گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى كۆرەلمەي كەتكەن شامالمۇ ئەمدى ئۈمىدسىزلەنگەن بولسا

كېرەك، كەلمەيدىغان بوپتۇ، موماي ئامالسىز تىرىكچىلىك قايغۇسى بىلەن دورىلىق گىياھلىرىنى ساتقىلى شەھەرگە يول ئاپتۇ. بىراق، ئۇ قايتىپ كەلگىنىدە ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ قاپتۇ، چۈنكى، كەپىسى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلانغان، يوتقان - كۆرپىلىرىنىڭ يىرتىقلىرى بىر چىرايلىق يامىلىپ، رەتلىك يىغىپ قويۇلغان، بىرمۇنچە تەمەچ ئوتۇنلار ئوچاق قېشىغا تېرىپ قويۇلغانىكەن.

«بۇ ئىشلارنى كىم قىلغاندۇ؟» دەپتۇ موماي ھەر تەرەپكە قاراپ. بىراق، ئۇنىڭغا ھېچبىر جاۋاب بولماپتۇ. ئۆيدىمۇ، ئۆي ئەتراپىدىمۇ، ھەتتا خېلى يىراقلاردىمۇ بىر ئۆزىدىن باشقا بىرسى كۆرۈنمەيدىكەن.

بىر مەھەل تېڭىرقاپ قالغان موماي: «مەيلى كىملا بولمىسۇن قىلغان ياخشىلىقى ئۇچۇن خۇدايىم مۇرادىغا يەتكۈزگەي» دەپ ياخشى تىلەك تىلەپتۇ - دە، ئۆز ئىشى بىلەن بوپتۇ.

ئارىدىن يەنە نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، موماي ھەر كۈنى بازاردىن ھېرىپ - ئېچىپ قايتقاندا ئۆيى تازىلىنىپ، ئوچىقىنىڭ كۈلى ئېلىنىپ، ئوتۇنى تەييارلىنىپ، ھەتتا بەزى كۈنلىرى تامىقى پىشىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، موماي بۇ ئىشلارنى كىمنىڭ قىلغىنىنى بىلمەي يۈرۈۋېرىپتۇ، نامىزىدا ياخشىلىق قىلغۇچىغا دۇئا قىلىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما بىر كۈنى مەزگىلسىز كېپقالغان شامال بۇ سىرنى بىلىپ قاپتۇ.

شۇ كۈنى ئۇ گۈلنى يوقلاپ كەلگىنىدە بويى ئىككى غېرىچچە كېلىدىغان، گۈل بەرگىدىن كىيىم كىيگەن،

گۈل يۈزلۈك، ئالتۇن رەڭ بۇدۇر چاچلىق، بەكمۇ گۈزەل ۋە ئوماق بىر قىزچاقنى كۆرۈپتۇ، قىزچاق ئوت - چۆپلەردىن بوغۇۋالغان بويى بىلەن تەڭ سۇپۇرگىدە موماينىڭ هويلىسىنى سۇپۇرۇۋاتقانىكەن، گۈل - غۇنچىسى بولسا پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ، هويلا ئىچى ئەتىر سېپىلگەندەك خۇش پۇراققا تولغانىكەن.

شامال قىزچاقنىڭ ئەتىرگۈل غۇنچىسى ئىچىدىن چىققىنىنى پەرەز قىپتۇ - دە، بىر پىرقىراپلا ئۆزىمۇ بويى ئىككى غېرىچ، هاۋا رەڭ بۇدۇر چاچلىق، زەڭگەر كۆزلۈك، قاش - كىرپىكلىرىمۇ كۆپكۆك، كۆك كىيىملىك بىر چىرايلىق يىگىتچاققا ئايلىنىپتۇ - دە، يەرگە چۈشۈپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپتۇ قىزچاققا ئەدەپ بىلەن.

بىراق، قىزچاق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ مېهماندىن چۆچۈپ، ئۇركۈگەن كېيىك بالىسىدەك قېچىپ، ئەتىرگۈل كۆچىتى ئالدىغا بېرىۋاپتۇ. ئەتىرگۈل ئېڭىشىپلا ئۇنى ئۆز باغرىغا ئېلىپ، غۇنچە بولۇپ تۈگۈلۈۋاپتۇ.

هاۋا رەڭ چاچلىق بالا بىرئاز مەيۈسلىنىپتۇيۇ، كېيىن يەنە ئەتىرگۈل ئالدىغا بېرىپ مۇنداق قوشاق ئېيتىپتۇ:

چېهرى گۈلدەك ئوماققىز.
قورقۇپ، قېچىپ يۈرمەڭسىز.
گۈل كۆچىتىنى ئەپكەلگەن،
شامالجانمەن دوستىڭىز.

چىقىڭ بىللە ئوينايمىز،
خۇشال - خۇرام يايرايمىز.
قەلبىمدە يوق يامانلىق،
باغلاندى چىن رىشتىمىز.

شۇ چاغ گۈل پورەكلەپ ئېچىلىپ، قىزچاق يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە خىجىل بولغان ھالدا:
— ئەپۇ قىلىڭ، كىملىكىڭىزنى بىلمىگەچكە قېچىپ يۈرۈپتىمەن، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.
— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ ھاۋارەڭ چاچلىق بالا مۇلايىملىق بىلەن: — يەنە قېچىپ يۈرمىسىڭىزلا بولغىنى، ئىككىمىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالايلى، ئىسمىڭىزنى، قانداقسىگە ئەتىرگۈل غۇنچىسى ئىچىدە پەيدا بولۇپ قالغىنىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ؟ بۇلارنى بەك بىلگۈم بار.
قىزچاق ماقۇل بولۇپ، بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئاندىن مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:
— ئانام ئىلگىرى بىر مەملىكەت شاھىنىڭ خانىشى ئىكەن، ئۇ ئىككى قات مەزگىلدە ئوردىغا نەدىندۇر بىر ساھىبجامال ئايال پەيدا بوپتۇ، ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە بىر قاراش بىلەنلا ئاتام سېھىرلىنىپ قالغاندەك:
— ماڭا خانىش بولۇڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دەپتۇ ئايالغا.
— مېنىلا خانىش قىلسىڭىز ئاندىن ئەمرىڭىزگە ئۆتىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئايال، — بولمىسا كاللامنى ئالسى-

ڭىزمۇ سىزگە خانىش بولمايمەن، ئاسماندا بىرلا ئاي بول-
غاندەك، مەملىكەتتىمۇ بىرلا خانىش بولۇشى كېرەك.

شاھ دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، نەچچە يىللار ئىب-
جىل - ئىناق ئۆتكەن ساداقەتمەن خانىشنى دېدەكلەر قە-
سىرىگە قوغلاپ چىقىرىپتۇ - دە، ھېلىقى ئايالنى خانىش
قىلىپ بەلگىلەپتۇ ھەم پۈتۈنلەي ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن
چىقمايدىغان بوپتۇ.

يېڭى خانىش ئۆزى چىرايلىق، لېكىن قارا نىيەت،
تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئىكەن، خانىش ئانامنىڭ ئورنى-
نى تارتىۋالغىنىغا قانائەت قىلماي، ئۇنى پۈتۈنلەي كۆزدىن
يوقاتماقچى بوپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى قاتلىقىنى بىلگەندە رەزىل
نىيىتى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ - دە، بىر كېچىسى ئۈچ تاش
يۈرەك خىزمەتچىسىنى بۇيرۇپ، خانىش ئانامنى تىرىكلا باغ
ئىچىگە كۆمدۈرۈۋېتىپتۇ، ئاندىن سىرىنىڭ پاش بولۇپ قې-
لىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر قاچا سۇغا ئەپسۇن ئوقۇپ ھۇ-
رۇپلا خىزمەتچىلەرگە چېچىپتۇ، ئۇلار ئۈچ قاغىغا ئايلى-
نىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، شۇ چاغدىلا يېڭى خانىشنىڭ كۆڭلى
تىنىپ، خاس قەسىرگە كىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئەسلى بىر
جادۇگەر ئىكەن.

نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئۇ جادۇگەر خانىش ئېگىز
قەسىرنىڭ دېرىزىسىدىن باغقا قاراپ، خانىش ئانام كۆمۈل-
گەن يەردىن بىر تۈپ ئەتىرگۈل كۆچىتى ئۈنۈپ چىققى-
نىنى كۆرۈپتۇ - دە، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ،
يۈگۈرۈپ چىققىنىچە قوللىرىغا تىكەن سانجىلغىنىغا قارى-
ماي، ئەتىرگۈل كۆچىتىنى يۇلۇۋېتىپ، ئاندىن ئارام تې-

پىپتۇ، نەچچە كۈنگىچە بىچارە ئەتىرگۈل كۆچىتى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. ئۇ قۇرۇپ قالالاي دېگەندە سىز كېلىپ بۇ ئاق كۆڭۈل مومايىنىڭ ھويلىسىغا ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ قويدىڭىز، موماي ئۇنى ھويلىسىغا تىكىپ، پەر- ۋىش قىلدى، ئەتىرگۈل كۆچىتى بولسا خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن گۈل بولۇپ ئۈنگەن خانىش ئانام، مەن ئۇنىڭ غۇن- چىسى ئىچىدە يېتىلگەندىن كېيىن، ئېچىلىپ، مېنى تە- ۋەللۇت قىلدى ھەم مومايىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇ- رۇش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە خىزمىتىنى قىلىشىمنى تاپشۇردى، سىزدىنمۇ بەك مىننەتدار بولدى، مەنمۇ سىزگە تەشەككۇر ئېيتماقچىدىم.

— ئىسمىڭىزچۇ؟ — سوراپتۇ ھاۋارەڭ چاچلىق بالا تەقەززالىق بىلەن، — تېخى ئىسمىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز.

— ماڭا تېخى ئىسىم قويۇلمىغان، — دەپتۇ قىزچاق مەيۈسلىنىپ.

— ئۇنداقتا، ئىسمىڭىزنى مەن قويۇپ بېرەي، — دەپتۇ ھاۋارەڭ چاچلىق بالا شوخلۇق قىلىپ، — ئىسمىڭىز «ئەتىرگۈل مەلىكە» بولسۇن.

ئۇلار شۇنداق مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كۈننى كەچ قىپ- تۇ، مومايىنىڭ كېلەر ۋاقتى بوپتۇ، ئەتىرگۈل مەلىكە ھاۋارەڭ چاچلىق بالا بىلەن خوشلىشىپ ئەتىرگۈل قويىنىغا كىرىۋالماقچى بوپتۇ.

— ئەمدى يوشۇرۇنۇپ يۈرمىسىڭىز بولمامدۇ، — دەپتۇ ھاۋارەڭ چاچلىق بالا.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ ئەتىرگۈل مەلىكە، — مېنى

باشقىلار كۆرۈپلا قالسا سۆز - چۆچەك تارقىتىدۇ، بۇ ئاخىر جادۇگەر خانىشنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىدۇ، ئۇ چاغدا بىز ئامان قالمايمىز.

شۇ چاغ يىراقتىن موماي كۆرۈنۈپتۇ، ئەتىرگۇل مەلىكە ئالدىراپ ئەتىرگۇل يېنىغا بېرىپتۇ. ئەتىرگۇل ئۇنى قوينىغا ئېلىپ، غۇنچە بولۇپ تۇگۇلۇۋاپتۇ، ھاۋارەڭ چاچلىق بالا بولسا بىر پىرقىراپلا شامالغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى موماي دورىلىق گىياھ تەرگىلى كەتكەن ھامان ئەتىرگۇل مەلىكە ئەتىرگۇل قوينىدىن چىقىپتۇ، ھاۋارەڭ چاچلىق بالىمۇ يېتىپ كەپتۇ، ئىككىسى بىرلىكتە موماي ئۇچۇن بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن، كۆڭۈللۈك ئويناپ كەچ كىرىشى بىلەنلا يەنە ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشىپتۇ.

موماي كۈندە ئەتىگىنى چىقىپ كېتىپ، كەچ قايتىدىكەن. ئەتىرگۇل مەلىكە بىلەن ھاۋارەڭ چاچلىق بالا بولسا مومايىنىڭ يوق ۋاقىتلىرىدا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋېتىپلا گاھى پاراڭلىشىپ، گاھى قوغلىشىپ، گاھى ئوينىشىپ كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇنداق بەختلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارماپتۇ.

بىر كۈنى ھاۋارەڭ چاچلىق بالا ئادىتى بويىچە سەھەردىلا مومايىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا ئەتىرگۇل كۆچىتى يۇلۇنۇپ، نەچچە يېرىدىن ئۇشتۇپ تاشلانغان، گۇل بەرگلىرى دەسسەپ - چەيلىۋېتىلگەن، مومايمۇ بىر ياندا قان قۇسۇپ ياتقان.

ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا ئەتىرگۈل مەلىكىنى ئىزدەپ ئەندىشە ئىچىدە يۈرىكى سۇ بولۇپ، مومايىنىڭ قېشىغا بې-رىپتۇ - دە:

— موما، موما، جېنىم موما، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپتۇ يىغلامسىراپ.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھوشىغا كەلگەن موماي كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ، پىچىرلاپتۇ:

— تېز بول، ئۇنى جادۇگەر ئېلىپ قاچتى... — موماي سۆزى ئاياغلاشمايلا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ، ھاۋا-رەڭ چاچلىق بالا:

— موما، جېنىم موما... كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ... گەپ قىلسىڭىزچۇ... — دەپ قايتا - قايتا توۋلاپتۇ. يىغلاپ-تۇ، ئۇنىڭ يىغىسىغا جور بولغاندەك ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئاس-مانمۇ يىغلاپتۇ. ئەمما، مومايىنىڭ كۆزلىرى قايتا ئېچىل-ماپتۇ. تېنى مۇزلاشقا باشلاپتۇ.

ھاۋارەڭ چاچلىق بالا ئامالسىز قۇم - توپىلارنى ئۇچۇ-رۇپ كېلىپ، مومايىنى كۆمۈپ قويۇپتۇ، قەبرىسىگە تېخى ياۋا گۈللەرنى تىكىپ قويۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئۇشتۇپ تاشلانغان ئەتىرگۈلدىن سادا كەپتۇ:

— شامالجان، شامالجان، مېنىمۇ كۆمۈپ قويغىن، ... ئاۋۋال بىر تال تىكىنىمنى ئېلىۋالغىن، ئاندىن يەنە... بىراق، ئۇنىڭمۇ سۆزى ئاياغلاشماپتۇ.

ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا ئەمدى ئەتىرگۈل كۆچىتىنىڭمۇ مەڭگۈ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆز يېشى

قىپتۇ ۋە كىچىككىنە مۇشتۇمىنى تۈگكىنىچە: — قىساس ئالىمەن، چوقۇم جادۇگەرنى يوقىتىمەن، ئەتىرگۈل مەلىكەمنى قۇتقۇزىمەن، — دەپ توۋلاپتۇ - دە، ئەتىرگۈلنىڭ ئەڭ ئۇزۇن بىر تال تىكىنىنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئەتىرگۈلنى قۇم - توپا بىلەن كۆمۈپ قەبرە ياساپ قويۇپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

جادۇگەر خانىش ئەتىرگۈل كۆچىتىنىڭ يوقالغىنىنى سەزگىنىدە ئاچچىقتىن ئۆرتىنىپ ئولتۇرالمايلا قالغانىكەن، كېيىن ئۇ سېھىر ئىشلىتىپ بىر قارا قۇشقا ئايلىنىپتۇ - دە، ھەر تەرەپنى ئىزدەپتۇ. لېكىن، دەماللىققا تاپالماپتۇ، شۇنداقتىمۇ نىيىتىدىن يانماي پۇرسەت بولسىلا يىراق - يىراقلارغىچە بېرىپ چارلاپ، ئىزدەشنى توختاتمىغانىكەن، ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن شۇ كۈنلەردە ئاخىر مومايىنىڭ ھويلىسىدا ئەتىرگۈل بىلەن ئەتىرگۈل مەلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، موماي بىلەن ئەتىرگۈلگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئەتىرگۈل مەلىكىنى بۇلاپ ئەكېتىپ، ئۇنى ئالۋاستىدىن بولغان ئوغلىغا جۈپلەپ قويماقچى بوپتۇ. ئەمما، ئەتىرگۈل مەلىكە ئۇنىڭ ئوغلىغا ياتلىق بولۇشتىن كۆرە ئۆلۈمنى ئەلا كۆرۈپتۇ.

بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقلانغان جادۇگەر خانىش ئۇنى يىل بويى قاتتىق سوغۇق بولۇپ، جۈت - شىۋىرغان ئۇشقىرتىپ تۇرىدىغان يىراق بىر دېڭىز ئارىلىغا ئاپىرىپتۇ - دە:

— قاچان ھوشۇڭنى تېپىپ ئوغلۇمغا ياتلىق بولۇشنى خالىساڭ، مانا بۇ چېچىمنى كۆيدۈرگىن، — دەپتۇ بىر تال

چاچ بىلەن بىر قاپ سەرەڭگە بېرىۋېتىپ،— شۇ هامان سېنى ئېلىپ كېتىمەن، بولمىسا بۇ ئارالدا يا مۇزلاپ ياكى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ بۇ دۇنيادىن يوقىلىسەن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا قارا قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەتىرگۈل مەلىكە بولسا ئۇ كېتىشىگە سەرەڭگە بىلەن چاچنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەمما، نەگە بېرىشنى، نەدە پاناھلىنىشنى بىلمەي جاقىلداپ تىترەپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ، مەڭزىلىرىدە كۆز ياشلىرى مۇز بولۇپ قېتىپتۇ.

شۇ چاغ دېڭىزدىن قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ، سوغۇقتا ئاللىبۇرۇن مۇزلاپ سېزىمنى يوقاتقان ئەتىرگۈل مەلىكىنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ يەنە بىر ئارالغا تاشلىۋېتىپتۇ.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم. ئۇ بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك بولۇپ، كۆزىنى ئاچقاندا ئىسسىققىنا ماموق تۆشەكتە ياتقىنىنى سېزىپتۇ ھەم ئەتراپىدا قالايمىقان تاشلانغان نەرسىلەرنى، چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن شىرە - ئورۇندۇقلارنى، ئۆمۈچۈكلەر ھەممە يېرىگە تور سالغان تام - تورۇسلارنى، ئوچاق كۈلگە، ئۆينىڭ ئاستى ئەخلەتكە تولغان مەينەتچىلىك باسقان، قالايمىقانلا بىر ئۆينى كۆرۈپتۇ.

«مەيلى كىمنىڭ ئۆيى بولسۇن، ئۇ كەلگۈچە ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قوياي» دەپ ئويلاپتۇ ئەتىرگۈل مەلىكە.

ئۇ شۇ ئوي بىلەن ئۆزى بىلەن تەڭ بىر سۈپۈرگىنى

ئېلىپ، شىرە - ئورۇندۇقلار ئۈستىگە چىقىپ، تام- تو-
رۇستىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى يىغىپتۇ، ئاندىن شىرە-
ئورۇندۇقلارنى پاكىز سۈرتۈپ، ئۆيىنى سۈپۈرۈپ - تازى-
لاپ، كىر بېسىپ كەتكەن قازان - قومۇچ، قاچا - قۇچىلا-
رنىمۇ يۇيۇپتۇ، لېكىن شۇنچە ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچىمۇ
ئۆي ئىگىسى كەلمەپتۇ. ئەتىرگۈل مەلىكە يەنە بىكار تۇر-
ماي كۈچىنىڭ يېتىشىچە قالايمىقان قويۇلغان نەرسىلەرنى
رەتلەپتۇ. بىر چاغدا ئۇ سىرتتىن ھاسىنىڭ توكۇلدىغان،
كەشىنىڭ سۆرەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ - دە، ئۆي ئىگىسى-
نىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئەنسىزلى-
نىپ، دەرھال مەرمەرتاشتىن ياسالغان كارىۋات ئاستىغا
كىرىۋاپتۇ ۋە ياپقۇچىنىڭ لەپىلمىسىنى قايرىپ، ماراپ ئول-
تۇرۇپتۇ.

ئىشىك ئېچىلىپتۇ، ئاپئاق لېچەككە ئورالغان، بىر
چوقاتماق ھاسىغا تايانغان، چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان
موماي كىرىپ كەپتۇ - دە:

— پاھ! ئۆيۈم نېمىدېگەن پاكىز - رەتلىك بولۇپ
قالغان - ھە، بۇ ئىشلارنى چوقۇم ھېلىقى كىچىككىنە
قىزچاق قىلغان بولسا كېرەك، — دەپتۇ خۇشاللىق بىلەن.
كارىۋاتقا ھاسىنى تەگكۈزۈپ قويۇپ.

— ئۇ قېنى؟ دەپ سوراپتۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئۇنى
قورقۇتۇۋەتمىگەنسەن - ھە؟

— ياق، قورقۇتۇۋەتمىدىم، — دەپتۇ كارىۋاتتا بىر
ئېغىز پەيدا بولۇپ، — ئۇنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ جىم
تۇردۇم، ئۇ ھازىر ئاستىمدا، سىزدىن قورقۇپ ئولتۇرۇپ-

تۇ.

— بىزمۇ ئۇنى قورقۇتمىدۇق، — دەپتۇ شۇ چاغ ئۆي-دىكى ھەممە نەرسىلەر.

— ئۇ بەك ياخشىكەن، ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قال-دۇق.

— شۇنداق، — دەپتۇ موماي، — ئىشچان، پاكىز باللارغا ھەممەيلەن ئامراق بوپقالدۇق، بۇ ياققا چىق قى-زىم، قورقما، بىز ھەممىمىز سېنى ياخشى كۆرىمىز.

ئەتىرگۈل مەلىكە كارىۋات ئاستىدىن ئاستا چىقىپ، تارتىنىپ تۇرۇپتۇ. موماي ئۇنى مېھرىبانلىق بىلەن باغرىغا بېسىپ، بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سوراپتۇ، ئەتىرگۈل مەلىكە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆز-لەپ بېرىپتۇ.

— بىچارە قىزىم، — دەپتۇ موماي ئۇنىڭ كۆز ياشلى-رىنى سۈرتۈپ، — مەنمۇ سېھىرگەر، لېكىن يامان ئىش-لارنى قىلمايمەن، پەقەت مۇشۇ ئارالدا تەنھا ياشاپ، تائەت-ئىبادەت قىلىمەن، ماڭا ھەمراھ بول، ئەسكىلەر ھامان جاجىسىنى يەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىرگۈل مەلىكە بۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ، بىراق ئۆزى ئارالدا بولغىنى بىلەن پۈتۈن ئوي-خىيالى ھاۋا رەڭ چاچلىق بالىدا ئىكەن، شۇنداقلا ئانىسى ۋە ئاق كۆكۈل مومايىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلاپ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىكەن.

بۇ چاغدا ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا جادۇگەر خانىشنىڭ ئوردىسىغا بارغانىكەن، ئۇ پەقەت ئوردىدا شاھلىق تەختىدە

ئولتۇرغىنىچە تاشقا ئايلىنىپ قالغان شاھنى كۆرۈپتۇ، ئوردىدىكىلەردىن خانىشنىڭ جادۇگەرلىكىنى بىلىپ قالغانلاردىن بىرمۇنچىسى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، قالغىنى قېچىپ كەتكەن، جادۇگەر خانىش بولسا ئوغلى ئۇچۇن ساھىبجامال مەلىكە ئىزدەپ يىراقلارغا كېتىپ قالغانىكەن.

ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا ئوردىدىن قايتىپ كېتەي دېگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزى ئۇچ غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ، كۆزى پىيالىدەك، ئاغزى كالاچتەك كىچىككىنە بىر ئادەمچاق پەيدا بولۇپ توۋلاپتۇ:

— بۇ يەرگە كېلىشكە پېتىنغان قانداق مەخلۇقسەن؟

— مەخلۇق دېگەن ئۆزۈڭ، — دەپتۇ ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا غەزەپلىنىپ، — بۇ يەرگە ئەتىرگۇل مەلىكىنى ئىزدەپ كەلگەن شامالجانمەن، تېز ئۇنى چىقىرىپ بەر.

— ئانام ئۇنى يىراقلاردىكى سوغۇق ئارالغا ئاپىرىۋەتتى، — دەپتۇ ھېلىقى بەتبەشىرە قېھ- قېھلاپ كۈلۈپ، — ئۇ ھازىر مۇز ھەيكەلگە ئايلىنىپ بولغاندۇ، خالىساڭ ئىزدەپ بار، ئۆزۈڭمۇ مۇز ھەيكەلگە ئايلىنىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاۋا رەڭ چاچلىق بالىنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ - دە، دەرھال ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكۇسى كەپتۇ، لېكىن ئەتىرگۇل مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— خەپ، سەن بىلەن كېيىن ھېسابلىشىمەن، ھازىر بېرىپ ئەتىرگۇل مەلىكىنى قۇتقۇزىمەن، — دەپتۇ - دە،

ئۇچۇپ كەتمەكچى بوپتۇ.

— ئۇنداق قىلالمايسەن، — دەپتۇ ھېلىقى بەتبەشىرە يولىنى توسۇپ، ئۇ بەتبەشىرە ئالۋاستى بىلەن جادۇگەر خانىشنىڭ ئوغلى بولغاچقا ئۇچالايدىكەن، خېلى كۈچ - قۇۋۋەتى ۋە يىلان باشلىق نەيزىسىمۇ بار ئىكەن.

ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ، ھېلىقى ئەتىرگۇل شېخىدىن ئېلىۋالغان ئەدتىرگۇل تىكىنىنى نەيزىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا قورال بوپتۇ.

ئۇلار جان تىكىپ ئېلىشىپتۇ، گاھى ھاۋادا، گاھى زېمىندا ئېلىشىپتۇ، ئاقىۋەت ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا ھېلىقى بەتبەشىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپتۇ. ئېغىر يارىلانغان جادۇگەرنىڭ ئوغلى:

— خەپ توختا، خەپ توختا! — دېگىنىچە نەچچە چامداپلا يىقىلىپ، قان قۇسۇپ ئۆلۈپتۇ.

ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا ئەمدى ئەتىرگۇل مەلىكىنى تېپىشقا ئالدىراپ غۇرقىراپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ، شۇ ئۇچقاندىچە ھېچ يەردە توختىماي دېڭىز ئاسمىنىغىمۇ يېتىپتۇ، سوغۇق ئارالنى ئىزدەپ داۋاملىق ئۇچۇپتۇ، يول ئۇستىدە رەقىبى سوغۇق شامالغا دۇچ كەپتۇ، ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ، بىراق يەنە قار - شىۋىرغانلىق بورانغا دۇچ كەپتۇ، ئىلگىرىلىشى تولىمۇ قىيىنلىشىپتۇ، قۇياش ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ، كۈچلۈك نۇر ئاپتىپى بىلەن جاھاننى ئىللىتىپ، قار - شىۋىرغانلىق بوراننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپتۇ، ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا

مۇشەققەتلەر ئىچىدە سوغۇق ئارالغىمۇ يېتىپتۇ، لېكىن ئەتىرگۈل مەلىكىنى تاپالماي، باشقا ئاراللاردىن ئىزدەپ بېقىش ئۈچۈن داۋاملىق ئۈچۈپ يۈرۈپ، ئاخىر سېھىرگەر موماينىڭ ئارىلىغا بېرىپ قاپتۇ. بىراق، بۇ چاغ كەچ كىرىپ، قۇياش مەغرىب ئۇپۇقلىرىغا چۆككەن مەزگىل ئىكەن، شىۋىرغانلىق بوران قايتىدىن قوزغاپتۇ، قاتتىق سوغۇق ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەن، ھالسىزلان- غان ھاۋا رەڭ چاچلىق بالىغا نەشتەردەك ئۇرۇلۇپ، ھايال- سىزلا ئۇنى مۇزلىتىپ قويۇپتۇ.

ئەتىرگۈل مەلىكە ھەركۈنى ئارال قۇياش نۇرىغا چۆ- مۈلگەندە سىرتقا چىقىپ، تەشنالىق بىلەن ھاۋا رەڭ چاچ- لىق بالىنىڭ يولىغا قارايدىكەن، چۈنكى ئۇ ھاۋا رەڭ چاچلىق بالىنى: «چوقۇم مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ» دەپ ئويى- لايدىكەن.

ھاۋارەڭ چاچلىق بالا بۇ ئارالغا كېلىپ، مۇز ھەيكەل- گە ئايلىنىپ قالغان كۈننىڭ ئەتىسى سەھەردە ئۇ يەنە ئادىتى بويىچە ئارال گىرۋىكىگە كەپتۇ ۋە بۇ يەردە ھاۋا رەڭ چاچلىق بالىنى كۆرۈپ:

— ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا، شامالجان! — دەپ توۋلى- غىنىچە ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپتۇ، ئىسسىق ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپتۇ، ئىللىق باغرىدا ئۇنى ئىللىتىپ، ھوشى- غا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپتۇ. ئەپسۇس، ئۇرۇنۇشلى- رى بىكار كېتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ مۇزلاپ قاپتۇ.

بىر چاغلار كۆڭلى بىر بەختسىزلىكنى سەزگەن سې-

ھەرگەر موماي ئەتىرگۈل مەلىكىنى ئىزدەپ چىقىپ، ئۇ-نىڭ ھاۋا رەڭ چاچلىق بالىنى قۇچاقلىغىنىچە مۇزلاپ قال-غىنىنى كۆرۈپتۇ.

— بىچارە بالىلىرىم! — دەپتۇ ئۇ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، موماي ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۇلارنى سېھىرلىك ھاسا بىلەن نوقۇغانىكەن، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ تېنىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ، ئىككىلىسى كۆزلىرىنى ئېچىپتۇيۇ، مو-مايدىن ئۈيىلىپ يەرگە قارىۋاپتۇ.

— خۇداغا شۈكرى، ئاخىر تېپىشىۋالدىڭلار، — دەپتۇ موماي ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ ھاسىنى شىلتىغانىكەن، «ئېچىل داستىخان» پەيدا بولۇپ، داستىخان ئۈستىگە خىلمۇخىل يېمەكلىك، مېۋە-چېۋىلەر تىزىلىپتۇ. موماي ئۇلارنى قىزغىن مېھمان قىپ-تۇ.

— بىز ئەمدى كېتەيلى موما، — دەپتۇ ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، — بىز جادۇ-گەر خانىشنىن چوقۇم قىساس ئېلىشىمىز كېرەك.

موماي ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغانىكەن، ئۇ-لارنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن پارلاپ تۇر-غان يۇلتۇز پەيدا بوپتۇ.

— مانا ئەمدى سىلەرگە جادۇگەر خانىشنىڭ سېھىر-جادۇسى كار قىلمايدۇ، — دەپتۇ موماي مېھرىبانلىق بە-لەن، — جۇت - شىۋىرغان ۋە قاتتىق بورانمۇ تەسىر قىلال-مايدۇ، خەۋپ - خەتەردىن خالىي بولىسىلەر. موماي ئۇلار-نى ئۇزىتىپ ئەتىرگۈل مەلىكىگە ئۆزى قاردەك ئاق، بېشى-

ىدا چوغدەك قىزىل تاجىسى بار بىر قونچاق ئاق قۇ سوۋغا قىپتۇ، ئۇنىڭ تاجىسى ئوتتەك قىزىل بولۇپ، ئۇچىدىكەن، سولغا بۇرالسا يەرگە قونىدىكەن.

ئەتىرگۈل مەلىكە بىلەن ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا مومايغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، خوشلىشىپتۇ، ئاندىن ئاق قۇغا مىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ئۇچ-قىنى نامەلۇم، ئاخىر قۇرۇقلۇقنىمۇ يېتىپتۇ، دېڭىز قىر-غىقىغا قونۇپ، بىردەم سۇ چېچىشىپ، شوخلۇق قىلىشىپ ئوينىشىپتۇ، ئەتىرگۈل مەلىكە يەنە ياغاقتەك، ياغاقتەك بىر جۇپ كەھرىۋا تېپىۋاپتۇ.

ئۇلار ئەمدى ماغايلى دەپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ، ئاغزىدىن قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرى چېچىپتۇ، لېكىن ئۇلارغا كار قىلماپتۇ، ھاۋارەڭ چاچلىق بالا دەرھال تىكەننى نەيزە قىلىپ، ئەجدىھاغا ھۇجۇم قىپ-تۇ، ئەجدىھا بولسا بىر يۇمىلاپلا جادۇگەر خانىشقا ئايلى-نىپ، بىر تال چېچىنى قىلىچقا ئايلاندۇرۇپلا جەڭ قىپتۇ.

ئۇلار خېلى ئۇزاق ئېلىشىپتۇ، يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلماپتۇ، ھاۋا رەڭ چاچلىق بالىنىڭ زەربە يەپ قېلىشى-دىن ئەندىشە قىلغان ئەتىرگۈل مەلىكە ئاق قۇغا مىنىپلا ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ، كەھرىۋالارنى ئارقا - ئارقىدىن جادۇگەر خانىشقا ئېتىپتۇ، ئېتىلغان نەرسىنىڭ نېمىلىكى-نى بىلمىگەن جادۇگەر خانىش ھودۇقۇپ، دىققىتى چېچى-لىپتۇ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپتۇ، يارىلانغان خانىش:

— خەپ توختاش، خەپ توختاش، -- دەپلا قۇيۇندەك

تېز قېچىپتۇ، ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا قوغلاپ يېتەلمەپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ قولىدىكى تىكەن نەيزە ئېتىلىپ چىقىپ، غۇيۇلداپ بارغانچە جادۇگەر خانىشنىڭ دۇمبىسىگە قادىلىپتۇ، رەزىل جادۇگەر خانىش توڭگۇزدەك چىرقىرىغىنىچە دېڭىزغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىپ، بېلىقلارغا يەم بوپتۇ. جاھان بۇ نىجىستىن تازىلىنىپتۇ.

ئەتىرگۈل مەلىكە بىلەن ھاۋا رەڭ چاچلىق بالا ئىسسىق جەنۇب تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

# گۈل ۋە بۇلبۇل

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا گۈلىستان مەملىكىتىدە ئاجايىپ چىرايلىق بىر مەلىكە بولغانىكەن، ئۇ چىرايلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب ئىكەن. شۇڭا، بۇ مەلىكىنىڭ داڭقى يىراق - يېقىنغا تاراپ، نۇرغۇن شاھزادىلەر قەلبىنى رام قىپتۇ، سانسىز بەگزادىلەر كۆڭلىدە ئىشتىياق ئوتىنى ياندۇرۇپتۇ، كۆرمىڭ يىگىتلەر دىلىنى شېرىن خىياللار ئېقىمىغا غەرق قىپتۇ. لېكىن، مەلىكە بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز بەخىرامان يۈرۈۋېرىپتۇ. چۈنكى، مەلىكىنىڭ ئاتىسى دۇنيالىقتا يېگانە پەرزەنتى بولغان مەلىكىنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىكەن، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىكەن، تويى قىلسا ئۆزىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ مەلىكە ئۈچۈن تاملىرى بۇلۇتقا تاقاشقۇدەك ئېگىز ۋە سېپىلدەك قېلىن تاملىق كەڭرى بىر چارباغ ياسىتىپتۇ. ئەل كۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن قىزىنى قىرىق كېنىزەك بىلەن باغ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، باغنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىغا ئات كاللىسىدەك يوغان مىس قۇلۇپنى سېلىۋېتىپتۇ-دە، مەلىكىنى سىرتقى دۇنيادىن ئايرىۋېتىپتۇ. شاھ باغ دەرۋازىسىنى مەلىكىنى كۆر-

گۈسى كەلگەندىلا ياكى لازىمەتلىكلەرنى ئەكىرىدىغان چاغ-
دىلا ئاچىدىكەن. مەلىكە بۇ خىل تۈرمۈشقا كۆنۈك ئىكەن.
بىراق، شاھ ئوردىسىدا ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ
قەدىمى ئۈزۈلمەيدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە ئاجايىپ بىر چۈش
كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپتاپ تەلەتلىك، چىنار قامەتلىك،
قىزلار قەلبىگە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى كېلىشكەن
بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ، يىگىت كۆزلىرىنى مەلىكىنىڭ
ھۆسن - جامالىغا تىكىپ مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتقۇدەك:

سېغىندىم جامالىڭنى،
قاشىڭغا باراي دەيمەن.
ئىزدەپ شۇ ۋىسالىڭنى،
قۇش بولۇپ ئۇچاي دەيمەن.

قەددىڭ گۈلنىھالىڭنى،
مەنزىل قىپ قوناي دەيمەن.
بىر ئۆمۈر قىلىپ ئاشىيان،
خۇش ناۋا قىلاي دەيمەن.

ئالتۇندىن ئەزىز ۋەسلىڭ،
ئالتۇنسىز ئالاي دەيمەن.
بىر تەڭگە پۇلۇم يوقتۇر،
ئىشقىم زەر تۇتاي دەيمەن.

مەلىكە يىگىتنىڭ ياڭراق ناخشا ساداسىغا كەلتۈرۈپ

يۇزلىرى تاڭ قۇياشىدەك قىزارغان هالدا كېپىنەكتەك ناز بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشكۈدەك، يىگىت يەنە:

زوق بىرلە جامالىڭغا،
بىر باقسام ئادا بولسام.
ئىشقىڭ سىرتمىقى بىرلە،
بۇ جاندىن جۇدا بولسام.

نە ئارمان بولۇر ئۆزگە،
باغىڭدا ياتار بولسام.
ئول قۇتلۇق قارارگاهىم،
باغرىمنى ياقار بولسام.

دەپ ناخشا ئېيتقۇدەك.

مەلىكە ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ - دە، «ۋايجان» دەپ توۋلىغىنىچە ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شۇ هامان كېنىزەكلەر ئەتراپىغا ئولىشىپ:

— نېمە بولدىلا مەلىكەم، — دەپ سورىشىپتۇ ئاغزى-ئاغزىغا تېگىشمەي، — هېچنېمە بولمىدىم، — دەپتۇ مەلىكە، — چۈش كۆرۈۋېتىپ شۇنداق توۋلاپ سالدىم.

كېنىزەكلەر مەلىكىدىن نېمە چۈش كۆرگەنلىكىنى سوراپتۇ. لېكىن، مەلىكە ئېيتىپ بېرىشنى خالىماپتۇ. چۈنكى، ئۇ چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىشتىن خىجىل بولغانىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاشۇ يىگىتنىڭ كېلىشكەن سىيماسى

كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بوپتۇ، ئالمىدەك يۇرىكىدە
ئىشق ئوتى گۇلخان بولۇپ يېنىپتۇ، گۇلدەك يۇزلىرى
غازاڭدەك سارغىيىپتۇ، لېكىن مەلىكە ئۆز دەرد - سىرىنى
هېچ كىشىگە ئېيتماي يۇرۇۋېرىپتۇ.

ئارىدىن نەچچە كۇنلەر ئۆتۇپتۇ، هاۋا ئوچۇق، ئاسمان-
دا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق بىر كۇنى باغ ئاسمىنىنى
ئۇشتۇمتۇت قارا تۇمان قاپلاپ باغ ئىچى زۇلمەت قاراڭغۇ-
لۇققا چۆمۇپتۇ. دەهشەتلىك هۆركىرىگەن سادا ئاڭلىنىپ،
باغ ئىچىدىكىلەرنىڭ هەممىسى هوشىدىن كېتىپتۇ.

بىر چاغدا هاۋا سۈزۈلۈپ، قارا تۇمان يوقىلىپتۇ،
كېنىزەكلەر هوشىغا كەپتۇ. لېكىن، مەلىكە هېچ يەردە
كۆرۈنمەپتۇ. كېنىزەكلەر باغنىڭ هەممە يېرىنى ئالا قوي-
ماي ئىزدەپتۇ. چاقىرىپتۇ، لېكىن مەلىكىدىن ئىز - دې-
رەك بولماپتۇ. شۇ هامان باغ ئىچى كېنىزەكلەرنىڭ نالە-
زارى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شاھ زار- زار
يىغلاپ، چاچ - ساقاللىرىنى يۇلۇپ يېتىپ كەپتۇ. مەلىكى-
نىڭ دېرەكسىز غايىب بولغىنىنى ئاڭلاپلا:

— ئاھ! بالام،— دەپ پەرياد قىلغىنىچە هوشىدىن
كېتىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر شاھنى ئوردىغا ئەكىرىپ، يۇزىگە
گۇل سۈيى پۇركۇپ، هوشىغا كەلتۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر بىر
تەرەپتىن شاھقا تەسەللى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەلى-
كىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش هەققىدە مەسلىهەتلەر بې-
رىپتۇ.

شاھ شۇ هامان ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىهەتى بويىچە پەر-

مان چۇشۇرۇپ: «كىمكى مەلىكىنى تېپىپ كەلسە شاھلىق-
قىنى ۋە ھەممە مال - دۇنياسىنى ئىنئام قىلىپ بېرىدىغان-
لىقىنى» جاكار قىلدۇرۇپتۇ.

جاكارچىنىڭ قىلغان جاكارسىنى ئاڭلىمىغان كىشى
قالماپتۇيۇ، لېكىن «تاپىمەن» دەيدىغان ھېچ كىشى چىق-
ماپتۇ. شۇندا شاھ يەنە قۇرئەنداز ھۆكۈمالارنى يىغىپ
قىزىنىڭ ئىز - دېرىكى ھەققىدە قۇرئە سالدۇرۇپتۇ. ئارى-
دىن ئەڭ پېشقەدەم، ئەڭ قېرى ھۆكۈمانىڭ قۇرئەسىگىلا
مەلىكە ھەققىدە مەلۇمات چۈشۈپتۇ. ھۆكۈما قۇرئە مەزمۇ-
نى بويىچە مۇنداق ئېيتىپتۇ:

ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى، گۈزەللىكتە تەڭداش-
سىز مەلىكىمىزنىڭ ھۆسن - جامالىغا مۇشتاق بولغان قارا
دىۋە ئۇنى بۇلاپ، مۇندىن ئۈچ يىللىق نېرىدىكى دەشت -
باياۋانغا، زۇلمەتلىك ماكانىغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قىزىنى ئەمدى كۆرەلمەيدى-
غانلىقىغا كۆزى يېتىپ، پەرزەنت پىراقىدا ئاھ ئۇرغىنىچە
تەختكە يىقىلىپتۇ، كۆزلىرى مەڭگۈلۈك يۇمۇلۇپتۇ. ئوردا
ئىچىدە ناله - پەرياد كۆتۈرۈلۈپ ساداسى پەلەككە يېتىپتۇ،
مەملىكەت ئەھلى قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپتۇ.

ۋەزىرلەر شاھنىڭ مېيىتىنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ
يەرلىكىدە قويغاندىن كېيىن، يەنىلا شاھ پەرمانى كۈچكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى، كىمكى مەلىكىنى تېپىپ كەلسە شۇ
كىشىنى شاھلىق تەختكە ئولتۇرغۇزىدىغانلىقىنى جاكار
قىپتۇ. لېكىن، ئىلگىرىكى مەلىكىنىڭ ۋەسلىگە يەتمەك
ئۈمىدى بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەنلەردىن بولسۇن ياكى باشقى-

لاردىن بولسۇن ھېچ كىشى جۈرئەت قىلىپ، ئوتتۇرىغا
چىقماپتۇ، مەلىكىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن شاھلىق سەلتەنە-
تى قىزىقتۇرۇپ تۇرسىمۇ ئۈچ يىللىق جاپالىق مۇساپىنى
بېسىپ، قارا دىۋىنىڭ چاڭگىلىدىن مەلىكىنى قۇتقۇزۇش
تۇگۇل ئۆز جېنىنى بولسىمۇ ئامان - ئېسەن قايتۇرۇپ
كېلىشكە ھېچبىرىنىڭ كۆزى يەتمەپتۇ.

كۆپلەر ئارمانى بار، دەرمانى يوق، بېرىشقا جۈرئەت
قىلالماي يۈرگەن شۇ كۈنلەردە ئوردا چەۋەندازلىرى ئىچد-
دىن بىر يىگىت جاسارەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، قەتئىي
ئىرادە ۋە كۈچلۈك مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ تۈرتكىسى بە-
لەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. مەلىكىنىڭ ۋەسىل ئۈمىدى بە-
لەن كېچەيۈكۈندۈز ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. كۈنىگە بىر ئايلىق
يول باسىدىغان تۇلپار بىلەن مەنزىلگە چېپىپتۇ.

ئەلقىسسە ئەمدى سۆزنى مەلىكىدىن ئاڭلىماق كې-
رەك. قارا دىۋە مەلىكىنى بۇلاپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى
ئۆزى باشقا يەرلەردىن بۇلاپ كەلگەن ناھىبجامال قىزلار
ۋە گۈزەل مەلىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھەممىسىدىن
گۈزەلرەك ۋە ھەممىسىدىن لاتاپەتلىكرەك ھېس قىپتۇ -
دە، مەلىكە ھوشىغا كەلگەندە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ،
ئۆزىگە چوڭ خوتۇن بولۇشقا زورلاپتۇ.

مەلىكە بولسا دىۋىنىڭ قازاندەك قارا، تاغدەك ھەيۋەت-
لىك مۇدھىش سىياقىغا، ۋەھشىيلىك ئوتلىرى يېنىپ
تۇرغان پانۇستەك كۆزلىرى ۋە قان تېمىپ تۇرغان يالاقتەك
ئاغزىغا قاراپ يىرگىنچ بىلەن رەت قىپتۇ.

غەزەپلەنگەن دىۋە ئۇنى قورقۇتۇپتۇ، ئالداپتۇ، ھەر-

قانچە قىلىپمۇ ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەي، ئاخىر باشقا قىزلار بىلەن قوشۇپ، قورقۇنچلۇق زۇلمەت باسقان بىر غارغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ، مەلىكە دىۋىنىڭ پانۇستەك كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان سوغۇق نۇر ئىچىدە غار يولىدا يىلان - چايانلار مىغىلداپ تۇرغان، سانجاق - سانجاق تۈمۈر قوزۇقلار چوقچىيىپ تۇرغان بىر چوڭقۇر ھاڭنى غىل - پال كۆرۈپ قاپتۇ.

بۇ دىۋىنىڭ مەلىكە ۋە قىزلارنى قۇتقۇزغىلى كەلمەكچى بولغان ئەزىمەتلەرگە تەييارلىغان قىلتىقى ئىكەن. زۇلمەت قاپلىغان غار يولى كۆز يەتكۈسىز ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوت يېقىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. كىمكى غارغا كىرىپ قالسا زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىكەن.

دىۋە قىزلارنى بۇ مۇدھىش يەرگە ئەكىلىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن يېمەكئىچمەكلەرنى ئەكىلىپ قويۇپ، ئۆزى ھاڭدىن ئۈچۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئاندىن يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ھەي ئەقىلسىزلەر، ئەگەر ئەقلىڭنى تېپىشىپ بىخى مەلىكىنى ماڭا خوتۇن بولۇشقا كۆندۈرۈشسەڭ، ئاندىن يورۇق ئالەمنى كۆرۈشەلەيسەن، بولمىسا مەڭگۈ مۇشۇ يەردە قالىسەن،— دەپتۇ قىزلارغا.

— بىز ھەرگىز قېرىندىشىمىزنى سەن ئىبلىسنىڭ چاڭگىلىغا ئىتتەرمەيمىز،— دەپتۇ قىزلار غەزەپ بىلەن.

قارا دىۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:— قېنى كۆرىدىمەن،— دەپ توۋلاپتۇ يەنە،— مۇشۇ تاپتا مەن بىلەن

چىقىپ كېتىپ، ماڭا خوتۇن بولۇشنى ئىختىيار قىلىدىغان بىرەرسىنىڭ چىقساڭمۇ ئېلىپ كېتىپ، راھەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمەن.
لېكىن، قىزلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئۈن چىقماپتۇ، قارا دىۋە ئامالسىز چىقىپ كېتىپتۇ، قىزلار زۇلمەتلىك غار ئىچىدە دىۋىگە قەتئىي باش ئەگمەي قېلىۋېرىپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى دىۋە كۆز يەتكۈسىز بايا-ۋاندا كېلىۋاتقان بىر بەرنا يىگىتنى كۆرۈپتۇ. يىگىتنىڭ قولىدا ئالماس زۇلپىقار، ئۈشنىسىدە ئالتۇن يا، كۈمۈش ئوق بار ئىكەن، ئېتى باياۋاندا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەچ پىيادە كېلىۋاتقانىكەن.
قارا دىۋە ئۇنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ، مۇدھىش كۈلكە ساداسى دەشت ـ باياۋان، تاغۇتاشلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ، دىۋە يىگىتنى كۆزگە ئىلماپتۇ.
شۇ چاغدا يىگىت چاقماق تېزلىكىدە ئالتۇن ياغا كۈ-مۈش ئوقنى بەتلەپ دىۋىنىڭ بىر كۆزىنى چەنلەپ ئېتىپ-تۇ. ئوق دىۋىنىڭ سول كۆزىگە قادىلىپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن زەربىگە ئۇچرىغان دىۋە جان ئاچچىقىدا ئەتراپتىن ئۆيدەك ـ ئۆيدەك يوغان تاشلارنى ئېلىپ يىگىتكە قارىتىپ ئېتىپتۇ، يىگىت بولسا چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇ-رۇپ، يەنە بىر ئوقنى بەتلەپ، قارا دىۋىنىڭ ئوڭ كۆزىگە ئېتىپتۇ. دىۋە ئوقلارنى يۇلۇپ ئالغانىكەن، كۆزلىرىدىن قاپقارا قانلار قۇيۇلۇپ، كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ، ھېچنېمە-نى كۆرەلمىگەن دىۋە سېھىر ـ جادۇ بىلەن ئوت پۈركۈپتۇ. يىگىت ئۆزىنى قاچۇرۇۋالغاچ ئامان قېلىپ، ئوت يانتاق،

تىكەنلەرگە تۇتىشىپ، ھەر تەرەپكە يامراپتۇ. دېۋە ئۆزىمۇ ئوت ئىچىدە قاپسىلىپ قېلىپ، پۇتلىرى كۆيۈشكە باشلاپتۇ، كۆزىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي تۇرغان دېۋە ئەمدى ئۆزى پۈركۈگەن ئوتنىڭ ھۇجۇمىغىمۇ ئۇچرىغاندىن كېيىن سەت چىرقىرىغىنىچە قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپ قېچىپتۇ، ئۇنىڭغىچە يىگىت ئۈچىنچى ئوقىنىمۇ بەتلەپ، قارا قۇيۇننى نىشانلاپ ئاتقانىكەن، قاپقارا قانلار چېچىلىپ، كۆپ ئۆتمەيلا قانسىراپ كەتكەن دېۋە ئەسلىي ھالىتىگە كېلىپ، پالاققىدە چۈشۈپتۇ - دە، يەردە جان تالىشىپ يېتىپ قاپتۇ.

يىگىت بولسا غار ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. غارغىمۇ كىرىپتۇ، لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ. شۇ چاغدا غارنىڭ ئىچكىرىسىدىن قىزلارنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس يىغا ئاۋازى، نالە - پەريادى ئاڭلىنىپ قاپتۇ، يىگىت شۇ تەرەپنى نىشانلاپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بارا - بارا ھاڭغىمۇ يېقىنلاپتۇ، ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان قىزلار دېۋە ئەمەس، بەلكى بىر ئادەمزاتنىڭ كېلىۋاتقىنىنى سېزىپتۇ، ئۇلار كەلگۈچىنىڭ ياخشى نىيەتلىك ياكى يامان نىيەتلىك ئادەملىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان شۇ پەيتتە:

— مەلىكەم، مەن سىزنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم، — دېگەن جاراڭلىق بىر ئاۋاز كەپتۇ.

«دەل شۇ» دەپتۇ مەلىكە بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپلا «ئۇ مېنى قۇتقۇزغىلى كەپتۇ».

ھېلىقى ئاۋاز مەلىكە چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىكەن. مەلىكىنىڭ ئىشق ئوتىدا چوغلانغان يۈرىكى

بۇنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرار ئىكەن. بىردىنلا يۈرەك سې-
زىمى خۇشاللىقتىن ئېسىنى يوقاتقان مەلىكىنى خەتەردىن
ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. مەلىكە چۆچۈپ ـ ئەندىكىپ توۋلاپ كې-
تىپتۇ:

— يېقىن كەلمەڭ! ئالدىڭىزدا تۇزاق بار، توختاپ
قېلىڭ...

گاڭگىراپ تۇرغان باشقا قىزلارمۇ ھوشىنى تېپىپ
تەڭلا توۋلاپتۇ:

— توختاڭ—... بىراق، دەل شۇ مىنۇتتا بىر ئاھ
تارتقان سادا بىلەن تەڭ قەدەم تىۋىشىمۇ توختاپتۇ، غار
ئىچى جىمجىتلىققا چۆمۈپتۇ، قىزلار نېمە ئىش بولغىنىنى
بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشىپتۇ. پەقەت يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈل-
دەپ تۇرغان مەلىكىلا ھەممىنى چۈشىنىپتۇ.

ئۇلار كېچىكىپ ئاگاھلاندۇرغان، ئۇ ئەمدى قۇتقۇز-
غۇچىسىدىن، جامالىنى كۆرۈشكە چەكسىز ئىنتىزار بول-
غان قەدىردانىدىن ئايرىلغانىكەن.

شۇ ھامان مەلىكە يۈرىكى كۆيۈپ كەتكەندەك بولۇپ،
ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. قىزلار دەرھال ئۇنى يۆلەپ
ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن توۋلاپتۇ، كۆپ ھەرىكەتلەر
قىپتۇ، لېكىن ئۇرۇنۇشلىرى بىكار بوپتۇ.

شۇ مىنۇتتا مۇدھىش ھاڭ ئىچىدىن بىردىنلا كىچىك-
كىنە بىر قۇش ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ سايرىغاندىكى
كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان ئاجايىپ مۇڭلۇق
سېھىرلىك ئاۋازى مەلىكىنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ
قۇشنىڭ سايراشلىرى مەلىكىگە چۈشىدە كۆرگەن يىگىت-

نىڭ مۇزىكىدەك بىقىملىق ئاۋازىنى ئەسلىتىپتۇ.
مەلىكە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قۇلاق تۇۋىدە: «ئۇ سىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىڭنىڭ جىنى، ئۇ سىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى، ئۇ سىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆز جىسمىدىن ئايرىلدى، ئۇ يورۇقلۇققا موھتاج...» دېگەن سادالار جاراڭلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ مەلىكە كۆكسىدە بىر ئوتنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقى، يۈرىكىنىڭ ئوت ئىچىدە تېخىمۇ دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ.
«ئاھ! مېنىڭ يۈرىكىم، ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان يۈرىكىم، ئاشۇ سۆيۈملۈك قۇش ئۈچۈن يورۇقلۇق بېرىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ مەلىكە. شۇنىڭدىن بىلەن ئۇ بېشىدىكى ئالتۇن چازىسىنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ. بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇ چازىنى ئۆز كۆكسىگە توغرىلاپتۇ-دە، ئاستا پىچىرلاپتۇ. «ئاھ! شاپائەتلىك تەڭرىم، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن!»
مەلىكە چازىنى كۆكسىگە سانجىپ، كۆكرەك پەردىسىنى يېرىپتۇ، ئاندىن قولىنى سېلىپ، ئوقچۇپ تۇرغان يۈرىكىنى يۇلۇپ ئاپتۇ، قىلچىلىك ئاغرىق سەزمەپتۇ، پەقەت ئۆز تېنىنىڭ ئاستا - ئاستا توڭلاپ، مۇزلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. يۈرەك ئۇنىڭ قولىغا چىققان ھامان يالقۇنلاپ كۆيۈپ، غار ئىچىدىكى زۇلمەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، قىزىل شەپەق نۇرىغا چۆمدۈرۈپتۇ. مەلىكە يالقۇنلاپ تۇرغان يۈرىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھاڭ لېۋىگە مېڭىپتۇ، كىچىك قۇش بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئاجايىپ مۇڭلۇق سايراشقا باشلاپتۇ، ئۇنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك

مۇڭلۇق سايراشلىرى غار ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ،
ئاندىن گويا «قەدىمىڭنى توختات!» دەۋاتقاندەك مەلىكى-
نىڭ ئالدىنى توراپتۇ. مەلىكە ھاڭ لېۋىگە بېرىپ توختاپ-
تۇ-دە، شەھلا كۆزلىرى بىلەن ھاڭ ئىچىگە نەزەر ساپتۇ.

قاپقارا تۆمۈر قوزۇقلار ئۈستىدە ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈم-
لۈك ئادىمى گويا ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقان. خۇمار كۆزلىرى
مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان، ئاپتاپتەك چېھرىدە يەنىلا سېھىرلىك
تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان. يىلان - چايانلار ئۇنىڭدىن
نېرى قېچىپ تۇرغانىكەن.

— ئاھ! ئۇنىڭ يۈرىكى قېنى؟ — توۋلاپتۇ مەلىكە
دەھشەت بىلەن. چۈنكى، ئۇ يىگىتنىڭ يېرىلغان كۆكسىدە
ئوتلۇق يۈرىكىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەنىكەن. شۇ ھامان
ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە:

سېغىندىم جامالىڭنى،
قاشىڭغا باراي دەيمەن.
ئىزدەپ شۇ ۋىسالىڭنى،
قۇش بولۇپ ئۇچاي دەيمەن.

قەددىڭ گۈلنىھالىڭنى،
مەنزىل قىپ قوناي دەيمەن.
بىر ئۆمۈر قىلىپ ئاشىيان،
خۇش ناۋا قىلاي دەيمەن.

دېگەن ناخشا ساداسى جاراڭلاپتۇ.

«توغرا» پىچىرلاپتۇ مەلىكە تىنچلىنىپ: «ھېلىقى قۇش ئۇنىڭ يۈرىكى، ئۇنىڭ جېنى، ئۇنىڭ روھى».

شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ھالىغا قاراپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان قىزلار يەنە ئېسىنى تېپىپ تەڭلا نالە - پەرياد، يىغا - زار باشلاپتۇ، ئۇلارنىڭ نالە - زارى غار ئىچىنى زىلزىلىگە ساپتۇ.

بۇ ئاۋازلارغا مەلىكىنىڭ دىققىتى بۆلۈنۈپ، ئويلىنىپ قاپتۇ:

«ئاھ! بىچارە دوستلىرىم، سىلەرنىڭمۇ ياخشى كۆر-گەن ئادىمىڭلار بولغىيتتى - ھە! ئۇلار بۇ يەرگە كەلمىدى، بەلكى ھالىڭلاردىن خەۋەرسىزدۇر، ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ قويىدىغان ئادەم بولسا، سىلەر قۇتۇلۇپ قالاتتىڭلار، شۇ چاغدا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!»

كىچىك قۇشنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرى ئۇنى يەنە خى-ياللار قوينىدىن تارتىپ چىقىپتۇ.

«توغرا» دەپ پىچىرلاپتۇ مەلىكە يەنە: «مۇشۇ كى-چىك قۇشنى، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمنىڭ يۈرىكىنى باش-قىلارغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇلار كېلىپ دوستلى-رىمنى قۇتقۇزسۇن. ئۇلار ئۆز مەھبۇبلىرى بىلەن دىدارلى-شىپ ۋىسال تاپسۇن، ئازابلانغان يۈرەكلىرىگە شىپالىق مەلھەم ياقسۇن، ئۇلار بەختكە ئېرىشسۇن...»

«بارغىن» دەپتۇ ئۇ يەنە كىچىك قۇشقا «بېرىپ كى-شىلەرنى باشلاپ كەل. ئۇلار دوستلىرىمنى قۇتقۇزسۇن، ئۆز مەھبۇبلىرىنى جۇدالىق ئازابىدىن قۇتقۇزسۇن، قان - قېرىنداشلىرىمنى ھىجران قايغۇسىدىن خالاس قىلسۇن.»

كىچىك قۇش ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا غار سىرتىغا ئۇچۇپتۇ، مەلىكىنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان يۈرىكى ئۇنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىپتۇ.

«ئەمدى مەنمۇ ھاڭغا سەكرەي» دەپتۇ مەلىكە ئۆز - ئۆزىگە «جىسمىم ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمنىڭ جىسمى بىلەن بىر يەردە تۇرسۇن.»

چۈنكى ئۇ، كىچىككىنە قۇشنىڭ كېتىشى بىلەن تەڭ دەرمانسىزلىق ھېس قىلغان. يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالغانىكەن. بىراق، دەل شۇ چاغدا قىزلار تۇۋلاپتۇ:

— ئۇنداق قىلماڭ، سىز ياشىشىڭىز كېرەك.

ئۇلارنىڭ تۇۋلاشلىرى مەلىكىنى يەنە ئويغا ساپتۇ: «مەنمۇ ھاڭغا چۈشۈپ كەتسەم، يالقۇنلاپ تۇرغان يۈرىكىممۇ ئۆچسە، غار ئىچىنى يەنە زۇلمەت قاپلىسا، دوستلىرىمنى قۇتقۇزغىلى كەلگەنلەرمۇ تەمتىرەپ ھاڭغا چۈشۈپ كەتسە، كىچىك قۇشمۇ مېنى ئىزدەپ كېلىپ زۇلمەت ئىچىدە تېنەپ يۈرسە··· ياق، ئەمدى يەنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، ئەمدى يەنە پاجىئە تۇغۇلماسلىقى كېرەك.»

شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ھاڭغا سەكرەش نىيىتىدىن يېنىپتۇ. يۈرىكى تېخىمۇ يالقۇنلاپ، مەشئەلدەك پارلاق نۇر چېچىپتۇ. ئۇ شۇ تۇرغانچە كىچىك قۇشنى كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، ئاخىر يەنە دەرمانسىزلىنىپتۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىگىتنىڭ ئاپتاپتەك نۇرلۇق ھۆسنىگە، شەمشاد مەسەللىك كېلىشكەن قامىتىگە تەلپۈنۈپ قاراپتۇ - دە، ئاستا پىچىرلاپتۇ:

«ئەلۋىدا، كۆڭۈل تەختىمنىڭ ئەزىز سۇلتانى...
ئەلۋىدا، ھىجران ئازابىدا تولغىنىپ ياتقان شاھ ئاتا...
ئەلۋىدا، قەدىردان ئەل - ۋەتەن...»

ئۇنىڭ بۇلاق كۆزلىرىدىن بىر جۈپ تامچە ياش شامىدەك ئاقارغان ھالدا يۈزلىرىگە تۆكۈلۈپتۇ ۋە شۇ ھامان بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ: ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قوللىرىدا يالقۇنلاپ تۇرغان يۈرىكى بىردىنلا ئوتقاشتەك پورەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىپقىزىل غۇنچىغا، يېشىل يىپەك كىيىملەرگە ئورانغان نازۇك قامىتى بىر تال گۈل كۆچىتىگە، يەڭلىرى بىر جۈپ يېشىل ياپراققا ئۆزگىرىپتۇ، ئۇنىڭ ياپراقلىرىدا مەرۋايىتتەك بىر جۈپ تامچە لىغىرلاپ تۇرۇپتۇ. قىپقىزىل غۇنچە يەنىلا زۇلمەتلىك غار ئىچىنى قىپقىزىل نۇرغا پۈركەپ تۇرىدىكەن.

قىزلار گۈلنى ئوراپ كۆز ياشلىرى بىلەن سۇغىرىپتۇ، مەلىكىنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىپ تىرىلىپ قېلىشىنى تىلەپتۇ. لېكىن، مەلىكە ئەسلىگە كەلمەپتۇ ۋە مەڭگۈ گۈلگە ئۆزگەرگەن ھالىتىدە قاپتۇ. مانا بۇ كىشىلەر قەدىرلەپ ئۆستۈرىدىغان قىزىلگۈل ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئاخىر بىر كۈنى كىچىك قۇشمۇ قايتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرى بىلەن تەڭ گۈل غۇنچىسى جاراڭلىق بىر كۈلكە ساداسىنى ياڭرىتىپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. قات - قات گۈل بەرگى ئارىسىدىن كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق ھىدلار چېچىلىپتۇ. كىچىك قۇش ئۇنىڭ شېخىغا قونۇپ تاغۇتاشلارنى ئېرىتكۈدەك مۇڭ بىلەن سايراشقا باشلاپتۇ.

كىچىك قۇشنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن كىشىلەر شوتا ياساپ كىرىپ ھاڭغا كۆۋرۈك قىپتۇ، قىزلار ئۆتكۈچە گۈلنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، ئاندىن كىشىلەر يەنە ئاشىق يىگىتنىڭ جەسىتىنى ئىلغا بىلەن تارتىۋېلىپ، تاغ باغرىغا دەپنە قىپتۇ. قەبرە قېشىغا قىزىلگۈلنى تىكىپ قويۇپتۇ ۋە ھەممىسى بىرلىكتە مەلىكە بىلەن ئاشىق يىگىتنىڭ روھى جەننەتتە ۋىسال تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشىپتۇ.

كىچىك قۇش شۇنىڭدىن تارتىپ قىزىلگۈل شېخىنى ماكان قىلىپ خۇش ناۋا ئەيلەشنى ئۆز كەسپى قىپتۇ ۋە «بۇلبۇل» دەپ ئاتىلىپ خۇش ئاۋازلىقى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بوپتۇ.

# پادىچى يىگىت بىلەن
# ئاپئاق مەلىكە

ئاجايىپ ۋەقە، غارايىپ ئىشلار دائىم يۈز بېرىپلا تۇرىدىغان قەدىمكى رىۋايەت دۇنياسىدا ھەممە يېرى ياپيې-شىل ئوت - چۆپلەر ۋە رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن بىر گۈزەل يايلاق بولۇپ، يايلاقتا بۇلاقلاردىن بۇلدۇقلاپ تېشىپ چىققان سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ، تارام - تارام كىچىك ئېقىنلار ياساپ، ھەرتەرەپكە ئېقىپ تۇرىدىكەن. ئېقىن بويلىرىدا، قاردەك ئاق ۋە بۇدۇر يۇڭ-لۇق بىرتوپ قوزىچاق بويۇنلىرىغا ئېسىلغان كىچىك - كىچىك كۈمۈش قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، چاپراق-شىپ ئويىنىشىپ يۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىغۇچىسى بولسا بوي - تۇرقى قاملاشقان ۋە چىرايىدىن دائىم خۇشخۇيلۇق يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ ئەمدىلا 18 - باھارى-نى كۆتۈۋېلىۋاتقان پادىچى يىگىت ئەكبەر ئىكەن.

ئۇنىڭ كۈنلىرى ئاشۇ يايلاق ئەركىسى — قوزىچاقلاردىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ئۆتىدىكەن. ئۇ ھەركۈ-نى قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن ھامان بىر كىچىك چوققا

يانباغرىدىكى خۇش پۇراق ئارچا شاخلىرىدا يېپىلىپ، يە-
راق- يىراقلاردىكى دېڭىز - ئوكيانلاردىن كەلتۈرۈلگەن
ئوتقاشتەك مارجان دەرەخ شاخلىرىدا قاشالانغان قوتاندىن
بۇ ئوماق جانىۋارلارنى باشلاپ چىقىدىكەن - دە، يەنە شۇ
قۇياش مەغرىب ئۇپۇقلىرىغا باش قويغان مەزگىلدە قايتۇ-
رۇپ كېلىدىكەن. قىلىدىغان ئىشى ھەر كۈنى دېگۈدەك
ئوخشاش ئىكەنۇ، لېكىن زادىلا زېرىكمەيدىكەن. بەلكى،
قوزىچاقلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، بىللە ئوينايدىكەن.

ئېھتىمال سىز «بۇ ئوماق جانىۋارلارنىڭ ئىگىسى ئو-
يۇنغا ھېرىسلىقىدىن قانمايلا قالىدىكەن. پادىچى يىگىت
ئەكبەرنىڭ ئۆزىمىدۇ ياكى باشقا بىرسىمىدۇ» دەپمۇ قالار-
سىز. توغرا، بۇ ئوماقلارنىڭ ئەلۋەتتە ئىگىسى بولۇشى
كېرەكتە. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىگىسى — باققۇچىسى بولغان
پادىچى يىگىت ئەكبەر بولماستىن، بەلكى بىر پەرىزات
ئىكەن.

بۇ پەرىزات گۈللەر ۋە ئوماق جانىۋارلارغا ئامراق
بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى بىر قېتىم چوققا ئۈستىدىكى گۈللۈ-
كىدىن ئۇچۇپ كېلىپ، قوزىچاقلىرىنى بىر - بىرلەپ سى-
لاپ - سىلاپ، سۆيۈپ چىقىدىكەن، ئۇلارنىڭ شوخلۇقلى-
رىغا قاراپ، قېنىپ - قېنىپ كۈلۈۋالىدىكەن. ئۇنىڭ
كۈلكىسى شۇنداق سەبىي، شۇنداق غۇبارسىز ۋە يېقىملىق
ئىكەنكى، دۇنيادىكى ئەڭ باغرى تاش، مۇز يۈرەكلەرنىمۇ
ئىختىيارسىز ئېرىتىپ، مەپتۇن قىلىۋالىدىكەن، ئۆزىگە
قوشۇلۇپ كۈلۈشكە مەجبۇرلىيالايدىكەن.

سىزنىڭ بەلكىم بۇ پەرىزاتنىڭ تۇرقىنىمۇ بىلگۈڭىز

كېلەر، ئۇ گويا خىيالىي تۇيغۇلىرىمىز تۇمانلىرىغا ئورى-
نىپ تۇرغاندەكلا ياكى بىر كۆلەڭگىدەكلا بىر ھالەتتە ئى-
كەن. شامال چىقسا تارىلىپ كېتىشكە ئارانلا تۇرىدىغان
تۈتەكتىن ھاسىل بولغاندەكلا كۆرۈنىدىكەن. ئۇنىڭ قاپقارا
سۇمبۇل چاچلىرى تاپىنىغا تېگىپ تۇرىدىكەن. قاپقارا قە-
لەم قاشلىرى، قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدا چاقناپ تۇر-
غان شەھلا كۆزلىرى، ئالمىدەك مەڭزى ۋە قىزىلگۈل غۇن-
چىسىدەك ئاغزى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىكەن. ئاپئاق
ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكى بىلەن پۇتلىرى بولسا
سۇس تۇمان ئىچىگە سىڭىشىپلا كەتكەندەك كۆرۈنىدىكەن.
ئۇ كەلگەندە خۇشبۇي ھىدلار تارقىتىپ، سالقىن شامال
ئۇچۇرغان گۈل بەرگىدەك يەڭگىل ۋە لەرزان ئۇچۇپ كې-
لىدىكەن، كەتكەندىمۇ يەنە شۇ ھالدا ئۇچۇپ كېتىدىكەن،
تۇرىدىغان ماكانى بولسا قوزىچاقلارنىڭ پاناھگاھى قوتان
يېنىدىكى كىچىك چوققا ئۈستىدىكى گۈللۈكتە بولۇپ،
پادىچى يىگىت ئەكبەر ئۇ يەرگە ئەسلا چىقىپ باقمىغاندى-
كەن.

پادىچى يىگىت ئەكبەرنىڭ كۈنلىرى بىرخىل رىتىمدا
ئۆتۈۋاتقان شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىز يايلاق ئاسمى-
نىدىن سۇپۇرگە مىنىپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان بىرسى ئۇنىڭ
دىققىتىنى تارتىپتۇ.

ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇچىنىڭ سۇپۇرگە مىنىۋالغىنىغا قا-
راپلا بەلكىم ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇنىڭ بىر جادۇگەر ئىكەن-
لىكىنى بىلىۋالغاندۇ، بىراق بۇ سۇپۇرگە مىنىپ ئۇچقۇچى
تەسەۋۋۇرىمىزدەك بەتبەشىرە جادۇگەر ياكى قورقۇنچلۇق،

تەلەتىگە قارىغۇسىز پېرىخون ئايال بولماستىن، بەلكى ئەمە-
دىلا 15 — 16 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر غۇنچە بوي
قىز ئىكەن. ئۇنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلغۇدەك
گۈزەللىكىنى «جاھانىدىكى ئەڭ گۈزەل» دەپ، يىغىنى-
چاقلاپلا تۇرايلى. ئۇ ئاشۇنداق ھەم ئوماق، ھەم سۆيۈملۈك
بولۇپ، ئۇنى كۆرسە كىمنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىڭ سەرۋى
قامىتىگە ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ، باغلىنىپ قالمى-
سۇن.

پادىچى يىگىت ئەكبەرمۇ ئۇنى بىر كۆرۈشتىلا ياقتۇ-
رۇپ قاپتۇ، بەلكى گۆدەكلىك تۇيغۇلىرىدا ئۇخلاپ ياتقان
كۆڭۈل تۇلپارى چاپچىپ، سۇپۇرگە مىنىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن
قىزنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بارغۇسى كەپتۇ. ئەمما، سۇپۇر-
گە مىنىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن قىز ئاقار يۇلتۇزدەك كۆزدىن
غايىب بوپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەرگە ئەمدى ئوماق قوزىچاقلارنىڭ
قىزىق ئويۇنلىرىمۇ خۇشياقماپتۇ - دە، ئەقلىگە كەلگىنى-
دىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆز ئىشىنى تاشلاپ پەرىزاتنى
ئىزدەپ مېڭىپتۇ. قوزىچاقلار بولسا ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن
يىراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپلا چاپراقشىپ، يۈگۈرۈشۈپ ئۇ-
نىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ، لېكىن يەنە بۇ كۆيۈمچان باققۇ-
چىنىڭ خىيالچان روھىي ھالىتى تەسىر قىلغاندەك تېزلا
شوخلۇقلىرىنى تاشلاپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، جىمە-
جىت مېڭىشىپتۇ.

پادىچى يىگىت مانا تاغ چوققىسى باغرىغىمۇ يېتىپتۇ.
بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغىنىدىن كېيىن يەنە غەيرەت-

لىنىپ، كىچىك چوققا ئۈستىگە ئۆرلەپتۇ، بىردەمدىلا بۇ چوققا ئۈستىگىمۇ چىقىپتۇ.

«ۋاھ! بۇ جاي نېمىدېگەن گۈزەل دۇنيا - ھە؟» بۇ يەردە چوڭلىرى چاقپەلەكتەك، كىچىكلىرى تۈگمىدەك پو-رەكلەپ ئېچىلغان، جاھاندىكى مەۋجۇت بولغانلىكى ھەممە يارقىن رەڭلەردىكى گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان بىر گۈلزارلىق ئىكەن. گۈل غۇنچىلىرىنىڭ بەزىلىرى توپتەك يوغان، بەزىلىرى نوقۇتتەك كىچىك ئىكەن. پەرى-زات بولسا بۇ گۈلزارلىقىدا بىر تەرەپتىن يېشىل ھەسەل ھەرىلىرىنى گۈل شىرنىلىرىنى شورىۋالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ قوغلىسا، بىرتەرەپتىن ئويۇن قېپى كېپىنەكلەرنى گۈل بەرگىلىرىگە قونغان چاڭ - توزانلارنى تازىلاشقا بۇي-رۇش بىلەن ئاۋارە ئىكەن.

گۈللەرنىڭ گۈزەللىكى ۋە خۇشھىدلىرىمۇ ئۆزىگە مەھلىيا قىلالمىغان پادىچى يىگىت ئەكبەرنى كۆرگەن پەرى-زات ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— مەرھابا، قەدىرلىكىم، ئەجەب بۇگۈن گۈلزارىمغا قەدىمىڭ يېتىپتىغۇ، ھېزى بول، ئوماق قوزىچاقلىرىمىز يەنە گۈللىرىمنى نابۇت قىلىپ قويۇشمىسۇن.

— ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ پادىچى يى-گىت خىجىللىق بىلەن. ئۇلار يۇمران چۆپ ۋە سۈزۈك ئېقىندىن باشقىغا ئېغىز تەگكۈزمەيدۇ، مەن ئالدىڭىزغا ئەركىنلىككە چىقىشىمغا ئىجازەت سوراپ كەلدىم.

— سەن ھامان ئەركىن، — دەپتۇ پەرىزات مەيىن شامال سۆيۈپ ئۆتكەن تىنچ كۆل سۈيىنىڭ جىمىرلىشىدەك

كۆلۈمسىرەپ، — ئەركىنلىك ھامان سەن بىلەن بىللە، ئۇنى ئۆزۈڭ تاپىسەن، ئۆزۈڭ يارىتىسەن، مەندىن ئىجازەت سوراش بىھاجەت.

— ئۇنداقتا سىزگە رەھمەت، پەرىزات، — دەپتۇ پادىچى يىگىت چەكسىز شادلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈپ، — مەن ھازىرلا يولغا چىقماقچى، مانا بۇ پادىچى تايىقى بىلەن قوزىچاقلارنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرەي، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىش ۋەزىپەمنى سىزگە يۈكلەپ قويۇپ كېتىدىغىنىمدىن بەك خىجىلمەن.

— خىجىل بولما، رەھمەتمۇ ئېيتما، — دەپتۇ پەرىزات مۇلايىملىق بىلەن، — ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىش ئەسلى ئۆزۈمنىڭ ئىشى ئىدى، بىراق بۇ گۈلزارلىقىمدىن ئايرىلالمىغاچقا ساڭا تاپشۇرغانىدىم، ئەمدى ئۆز ئەركى بىلەن ياشايدىغان جانىۋارلاردىن قىلىپ قويىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر نەينى چىقىرىپ، يېقىملىق بىر كۈيگە چاپتۇ، شۇ ھامان قوزىچاقلار قاردەك ئاق ۋە قىسقا ئالتۇن تۈمشۇق، ئالتۇن پۇتلۇق كەپتەرلەرگە ئايلىنىپتۇ-دە، قانات قېقىپ، كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىچى تايىقى بولسا گۈلزارلىقنىڭ بىر چېتىگە قادىلىپتۇ - دە، تېزلا بىخ سۈرۈپ، كۆكلەپ - شاخلاپ، يەنە تېزلا ھەر شېخىغا ئونلاپ غۇنچىلار پەيدا بولۇپ، ئارقىدىنلا رەڭگارەڭ پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قېتىپلا قاپتۇ. چۈنكى، بۇنداق سېھرى - ھېكمەت مۆجىزىلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇش نېسىپ بولمايدۇ - دە.

— ماڭا بىرەر تەلەپ - ئىلتىماسىڭ يوقمۇ؟ — سوراپتۇ پەرىزات نەي چېلىشتىن توختاپ.

— ماڭا ئاشۇ سېھىرلىك نەينى ئىنئام قىلغان بولسىڭىز، — دەپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر قورۇنۇپقىنا.

— بولىدۇ، — دەپتۇ پەرىزات رازىمەنلىك بىلەن نەينى بېرىۋېتىپ، — بىراق، ئۇنى قالايمىقان چېلىۋەرمە. سەن ئۇنى پەقەت ئۇچلا قېتىم چالساڭ بولىدۇ، ئۆزۈڭ ئەڭ موھتاج بولغان چاغدا چالغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى توگەيدۇ.

پادىچى يىگىت خۇشاللىق بىلەن نەينى ئېلىپ، پەرىزات بىلەن خوشلىشىپ، يولىغا راۋان بوپتۇ، ئۇ ئەمدىلا تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن يەنە سۈپۈرگىگە مىنىپ ئۇچۇپ قايتىپ كېتىۋاتقان بىر قىزنى كۆرۈپ قاپتۇدە، ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپتۇ، يايلاقتىن چىقىپ بىر چۆلجەزىرىگە يەتكۈچە يۈگۈرۈپتۇ. پۇتلىرى تېلىپ، قاپىرىپ، ئايىغى يىرتىلىپ چۈشۈپ قالغۇچە يۈگۈرۈپتۇ، ماڭغان ئىزلىرىدا قىپقىزىل قانلىرى ئېقىپ قاپتۇ، ئارقىدىنلا قان ئىزىدىن قىزىلگۈللەر ئۈنۈپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر ماڭغۇدەك ماغدۇرى قالمىغاندا، ئامالسىز نەينى ئېلىپ چاپتۇ، شۇ هامان نەي ئاۋازىغا ئەگىشىپ سالقىن شامال كۆتۈرۈلۈپ، ئەكبەرنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، پادىچى يىگىت ئەكبەر خۇرسەن بولۇپ، توختىماي نەينى چېلىۋېرىپتۇ. ئۇ شۇ چاغدا هېلىلا

كۆز ئالدىدىن غايىب بولغان ھېلىقى قىزنى قوغلاپ بېرىپ
تېپىۋېلىشنىلا ئويلايدىكەن. ئەكبەر ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ،
قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى ۋە قانچىلىك مۇساپە باسقىنى
نامەلۇم بىر چاغدا يالماۋۇزنىڭ بېشىغىلا ئوخشايدىغان قور-
قۇنچلۇق تىك چوققىغا دۇچ كەپتۇ. تىك چوققا ئۇستىدە
يالماۋۇزنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان زەر تاجدەك بىر ئالتۇن
قەسىر قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ چاقناپ تۇرىدىكەن.

پادىچى يىگىت تاغ چوققىسىدا يالماۋۇزنىڭ ئاغزىدەك
بىر غارنىڭ ھاڭقىيىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ، ئېغىزنىڭ
ئاستى - ئۇستىدە خۇددى چىشلارغا ئوخشاش ئۆتكۈر، ئۇچ-
لۇق تاشلار بار ئىكەن، بۇ ئېغىزدىن كىرمەكچى بولغان
ھەرقانداق جانلىقنى چىشلەپلا ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىدىغان-
دەك بىر يامان ئەلپازدا ئىكەن.

پادىچى يىگىت ئەكبەر نەينى تېخىمۇ ئۇنلۇك چېلىشقا
باشلاپتۇ، شامال ئۇنى لەيلىتىپ، ئۆرلىتىپ غار ئاغزىغىچە
يەتكۈزۈپتۇ، شۇ ھامان غاردىن بىر قۇيۇن چىقىپلا ئۇنى
يۆگەپ ئۇچۇرۇپ ئەكىرىپ كېتىپتۇ.

قۇيۇن پادىچى يىگىت ئەكبەرنى ئالتۇن قەسىر ئالدى-
غا، ئەتراپى گۈل بىلەن قاشالانغان ياپيېشىل گىلەمدەك
چىملىققا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ.

بۇ يەردە ھېلىقى سۇپۇرگە مىنىپ ئۇچقان قىز بىر-
نەچچە يېشىل ۋە كۆك تۇزلارغا دان چېچىپ بېرىۋاتقاند-
كەن.

ئۇلار بىر- بىرىگە خېلىغىچە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ-
دە، ئاخىر قىزچاق ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپتۇ:

— سىز كىم؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىپ قالدىڭىز؟

ئۇنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق ۋە مۇلايىم ئاۋازى پادىچى يىگىت ئەكبەرنى بەكمۇ سۆيۈندۈرۈۋېتىپتۇ ۋە بىرئاز دادىل-لاشتۇرۇپتۇ، ھەرھالدا ئىسمى ئوڭغا تارتقۇدەك دېگەن تۇي-غۇغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

— مەن بىر پادىچى يىگىت، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ يەرگە سىزگە ئەگىشىپ كەلدىم. سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلسەم بولامدۇ؟

— بۇ يەرگە ياتلارنىڭ كېلىشى ئەسلا مۇمكىن بول-مايتتى، — دەپتۇ قىزچاق سەل قورۇنۇپ ، — چۈنكى بۇ يەر مەن ۋە ئانامغىلا خاس ئالتۇن قەسىر، ئۇ كېلىپ سىزنى كۆرۈپلا قالسا دەرھال تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، سىز تېزرەك كېتىپ قېلىڭ، بىزگە يەنە قايتا كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، ئىسمىمنى ئېيتىپ بەرمىسەممۇ بولار. ئەمەلىيەتتە ماڭا بىرەر ئىسىم قويۇلغى-نىنىمۇ، بىرەرسىنىڭ بىرەر ئىسىم بىلەن چاقىرغىنىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەم پەقەت بىرلا ئانام، ئۇ مېنى «قىزىم» دەپلا چاقىرىدۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر بىر چاغلاردا دۇنيادا بىردىنبىر ھەمراھى بولغان ئانىسىنىڭ: «يالماۋۇر تاغ چوققىسىدا بىر ئالتۇن قەسىر بارمىش، ئۇ يەردىكى جادۇگەرنىڭ ھەم ئوماق، ھەم گۈزەل بىر قىزى بارمىش، ئۇ ئۆزىنى قايسى-دۇر بىر چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەن خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى دەپ ماختارمىش. ئۆزىنى ئاشۇنداق ئالىي نەسەبلىك دەپ بىلگەچكە، ئاددىي كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى خالىماي،

ئادەم ئاياغ باسالمايدىغان يالماۋۇز تاغ چوققىسىدىكى ئالتۇن قەسىردە قىزى بىلەن تەنها ياشايمىش، ياتنىڭ كۆزى تەگ-مىسۇن دەپ قىزىنى ئاشۇ خىلۋەتتە ساقلارمىش» دەپ هېكايە قىلىپ بەرگەنلىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ.

ئۇ چاغلاردا ئۇ ئەمدىلا 12 ياشلاردا بولۇپ، ئانىسىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى پەقەت چۆچەك - رىۋايەت ئاڭلاش هېرىسلىقىدىنلا ئاڭلاپ قويغانىكەن.

ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا قازا قىلغان ئانىسى رەهمەتلىك-نىڭ ئېيتىپ بەرگەن بۇ رىۋايىتىنىڭ مانا ئەمدى راستقا ئايلىنىپ قېلىشى پادىچى يىگىت ئەكبەرنى هەم هەيران قالدۇرۇپتۇ، هەم تەسۋىرلىگۈسىز شادلاندۇرۇپتۇ.

— سىزنى بەك تەستە تاپتىم، — دەپتۇ ئۇ هاياجان بىلەن، — مېنى ئۇنداق ئالدىراپ قوغلىمىسىڭىز، شۇ تاپتا جاهاندا سىزدىن باشقا تارتىشىدىغان هېچكىمىم يوق، قې-شىڭىزدا ئۆزاقراق تۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولسىلا تاشقا ئايلىنىپ كېتىشكىمۇ رازىمەن. مەن بىر يېتىم، تاشقا ئايلىنىپ كېتىشىمنىڭمۇ، ئۆز هالىمدا قېلىشىمنىڭمۇ كا-رايىتى چاغلىق.

— بىراق، مەن سىزنىڭ قاراپ تۇرۇپلا تاشقا ئايلى-نىپ قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن، — دەپتۇ قىزچاق ۋىللىدە قىزىرىپ، — نېمە ئۈچۈندۇر مېنىڭمۇ سىزدىن تېزلا ئاي-رىلغۇم يوق، سىز ئۆمرۈمدە ئانامدىن كېيىنكى مەن بىلەن سۆزلەشكەن تۇنجى كىشى هەم مەن كۆرگەن تۇنجى يى-گىت. شۇ تاپتا سىزنىڭ قېشىمدا بولغىنىڭىزدىن مەن بەك خۇشال. يەنە ئۆزاقراق بىللە بولۇشنىمۇ ئارزۇ قىلىمەن،

چۈنكى سىز يالغۇزلۇقنىڭ نەقەدەر زېرىكىشلىك بولىدىغا-
نىنى بىلمەيسىز، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە ھاياتىڭىزنى
بەدەل تۆلەتكۈزسەم ھەرگىز بولمايدۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ پادىچى يىگىت
ئەكبەر، — ئەمىسە بىز ئانىڭىز كەلگۈچە بولسىمۇ بىللە
بولايلى. يەنە سىزگە بىر ئىسىم قويۇپ قوياي، چاقىرىشقا
قۇلايلىق بولار.

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىزچاق شادلىنىپ.

— ئىسمىڭىز «ئاپئاق مەلىكە» بولسۇن، — دەپتۇ
پادىچى يىگىت ئەكبەر كۆپ ئويلانمايلا.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر - بىرىگە مېھرى چۈشۈپ
ئېچىلىشىپلا قاپتۇ. كەچ كىرىپ، ھىلال ئاي مەشرىقتىن
كۆتۈرۈلۈپتۇ، يۇلتۇزلار بىر - بىرلەپ چاقنىشىپ، ئۆز
يېنىغا چاقىرغاندەك كۆز قىسىشقا باشلاپتۇ.

— ئىككىمىز بىللە تۇن ئاسمىنىدا سەيلە قىلىپ چۈ-
شەيلىمۇ، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە قىزغىنلىق بىلەن.

— بولىدۇ، — دەپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر، — سىز
بىلەن بىللە بولىدىغان ئىشلار بولسا مەن ھەممىگە رازى.

ئۇلار ھېلىقى ئۈزۈن سۆيۈرگىگە بىللە مىنىشىپ
ئولتۇرۇپتۇ، سۆيۈرگە راكېتادەك غۇيۇلداپ كۆككە ئۆر-
لەپتۇ. شۇ ئۆرلىگەنچە ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ھىلال ئاي
نۇرىغا چۆمۈپ، كۈمۈش رەڭلىك تۇس ئالغان بۇلۇتلاردىن-
مۇ ھالقىپتۇ، بىر چاغدا ئالتۇن رەڭلىك ھىلال ئايغىمۇ
يېتىشىپتۇ - دە، شۇ يەردە ياندىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، سۆيۈر-
گىنى ئاپئاق مەلىكە بىر تال سېھىرلىك يىپنى تارتىپلا

سەرەڭگە تېلىچىلىك كىچىكلىتىپ، كۆڭلىكىنىڭ بوغما يېڭى ئىچىگە سېلىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستى تەرىپىدە يۇل-تۇزلار قارشى ئېلىۋاتقاندەك تېخىمۇ بەك نۇرلىنىپ كې-تىپتۇ ۋە كىچىك كۈمۈش قوڭغۇراقلاردەك يېقىملىق جى-رىڭلاشقا باشلاپتۇ.

— سىزمۇ نېيىڭىزنى تەڭكەش قىلىپ چېلىڭە، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە پادىچى يىگىت ئەكبەرنىڭ بېلىگە قىس-تۇرۇلغان نەينى سىلاپ تۇرۇپ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ، پەرىزات-نىڭ دىگەنلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، زوق بىلەن نەي چېلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇنىڭ نېيىنىڭ سۆزۈك ۋە لەرزان ساداسى گاھ بۇل-بۇلنىڭ گۈل ئىشقىدا مەستانە بولۇپ سايراشلىرىنى ئەس-لەتسە، گاھ كاككۇكنىڭ مەشۇقىنى ئىزدەپ سايرىشىنى ئەسلىتىدىكەن...

نەينىڭ يېقىملىق كۈيلىرىدىن مەستخۇش بولغان ئاپ-ئاق مەلىكە ئىختىيارسىز پادىچى يىگىت ئەكبەرنىڭ مۈرى-سىگە بېشىنى قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇپتۇ - دە، ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈپتۇ. پادىچى يىگىت ئەكبەر بولسا هاياجان ۋە شادلىق هېسلىرى ئىچىدە نېيىنى يەنىمۇ زوق بىلەن چېلىشقا باشلاپتۇ. غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ يېقىم-لىق كۈيلىرىنى يەر يۈزىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر شۇ هالدا گويا بەخت قاينىمىدا ئۈزۈۋاتقاندەك هېس قىپتۇ. «ئاپئاق مەلىكە بىلەن بىللە بولۇش نېمىدىگەن كۆڭۈللۈك - هە!» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ بىردىنلا نەي چېلىشتىن توختاپ، ئاپئاق مەلىكە-نىڭ قۇندۇزدەك قاپقارا ۋە يىپەكتەك سىلىق، يۇمشاق چاچلىرىنى سىلاپتۇ.

ئاپئاق مەلىكە خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئۇ-نىڭغا مېھرى بىلەن قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىز مەڭگۇ مۇشۇنداق بىللە بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ پادىچى يىگىت، — پەقەت سىز خالىسىڭىزلا بىزگە توسقۇن بولىدىغان ھېچنېمە يوق.

— ياق، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە، — ئانام قوشۇل-ماسلىقى مۇمكىن. ئۇ سىزنى كۆرۈپلا قالسا تاشقا ئايلاندۇ-رۇۋېتىشىدىن قورقىمەن.

— مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، — دەپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر.

— ئۇ ئەتىگەندە قايتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە، — ئۇ كەلگۈچە سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىڭ، مەن يەنە قايتا بىللە بولۇش پۇرستى كېلىشنى تىلەيمەن.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ يەر يۈزىدە قالغان يالماۋۇز چوق-قىدىكى ئالتۇن قەسىرگە قاراپتۇ ۋە:

— ئـاپـلا! — دەپ توۋلـىۋېتىپـتۇ ئەنسىزلىك بىـ-لەن، — ئالتۇن قەسىرىمىزدە نېمە ئىش بولغاندۇ؟

پادىچى يىگىت ئەكبەرمۇ تۆۋەنگە قاراپتۇ. شۇ تاپتا تۆۋەندە يالماۋۇز چوققا ئورنىدا ياندۇرۇلغان سەرەڭگە تېلى-نىڭ يالقۇنىدەك بىر ئوت ۋالىلداپ تۇرغانىكەن.

— تېز قايتايلى، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە، ئاندىن ئۇ دەرھال يېڭىدىن سەرەڭگە تېلىچىلىك قىلىپ قويغان سۇپۇرگىنى ئېلىپ، سېھىرلىك يىپنى تارتىپتۇ، سۇپۇرگە چوڭىيىپ، ئۇزىرىپ بۇرۇنقى ھالىتىگە كەپتۇ. ئۇلار يەنە سۇپۇرگىگە مىنىپلا سارقىغان يۇلتۇزدەك تۆۋەنگە شۇڭغۇپ-تۇ.

ئۇلار ھايالسىزلا يالماۋۇز چوققىغا يېتىپتۇ، يالماۋۇز چوققا شۇ چاغدا ئوت كەتكەن يالماۋۇز بېشىغا ئوخشاپلا قالغان، ئالتۇن قەسىر ئوت ئىچىدە تاۋلىنىپ، نۇرلىنىپ كەتكەنىكەن.

ئاپئاق مەلىكە قاياقتىندۇر بىر ئالتۇن قەپەسنى تې-پىپ كېلىپ، ئىچىدىكى كىچىككىنە ئاق ئەجدىھانى قويۇ-ۋېتىپتۇ، ئاق ئەجدىھا ئاغزىدىن سۇ پۈركۈپ ئوتنى ئۆچۈ-رۈپتۇ، كۆيگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەسلىگە كەپ-تۇ، بىراق ئاق ئەجدىھا ئىشى تامام بولغان ھامان قانات چىقىرىپ، شىمال تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

— بۇ چوقۇم ئاتەش پەرىزاتنىڭ ئىشى، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە مەيۈسلىنىپ، — ئەمدى ئانام كەلسە مېنى ئەيىبلەيدىغان بولدى، سىز تېزرەك بۇ يەردىن كېتىڭ، يىراقلارغا كېتىڭ، يوشۇرۇنۇۋېلىڭ؟

— ئاتەش پەرىزات نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ — سوراپتۇ پادىچى يىگىت ئەكىبەر ئايرىلىشقا قىيىمىغان ھالدا، — مېنى قوغلىمىسىڭىز قانداق، ئانىڭىز بەلكىم ماڭا يامانلىقمۇ قىلماس.

— ئاتەش پەرىزات ئانامنىڭ دۈشمىنى، — دەپتۇ

ئاپئاق مەلىكە، — ئۇ بىر ئاغزى يېپىق داڭقان ئوچاققا بەند قىلىنغانىدى. ئانام ئۇنىڭ ئوچاقتىن چىقىۋېلىشىدىن، ئۇنى تىزگىنلىيەلمەي قېلىشىدىن قورقاتتى. مانا ئەمدى ئۇمۇ، ئۇنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئاق ئەجدىھامۇ بەندتىن قۇتۇلۇۋالدى، تېخى ئاق ئەجدىھانى قاچۇرۇۋېپ قويدۇق. ئانام قايتىپ كەلسە بۇنى چوقۇم سىزدىن كۆرىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ سېھىرلىك نېيىڭىزنىڭ سېھىرلىك كۈيلىرى ئاتەش پەرىزاتنى قۇترىتىپ، بەندتىن بوشاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى باشتىلا ئويلىماپتىمەن، ئانام تاڭ ئاتماستىنلا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېتىۋېلىڭ.

— كېيىن مېنى ئىزدەپ بېرىشقا ۋەدە بېرىڭ، — دەپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر.

— ۋەدە بېرىمەن، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە، — چوقۇم بىر كۈنى سىزنى ئىزدەپ تېپىۋالىمەن.

پادىچى يىگىت ئەكبەر نائىلاج مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئاپئاق مەلىكە ئۇنى ىۇپۇرگىگە مىندۇرۇپ، چوققىدىن خېلى يىراق بىر جايغا ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ قويۇپتۇ ـ دە، خوشلىشىپلا قايتىپتۇ. بىراق، يۈرىكى پادىچى يىگىت ئەكبەر بىلەن قالغاندەكلا ھېس قىپتۇ.

ئۇنىڭ ئەمدىكى ئىشى ئاتەش پەرىزاتنى تېپىپ، مۇمكىن بولسا قايتىدىن ئوچاققا بەند قىلىش ئىكەن.

ئۇ ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ، ئاخىر ئاق ئەجدىھا پۈركىگەن سۇغا چىلىشىپ، سەل ـ پەللا يېلىنجاپ تۇرغان بىر تال چوغنى تېپىۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى لاخشىگىر بىلەن قىسىۋېلىپ، داڭقانسىمان ئالتۇن ئوچاققا تاشلاپتۇ، ئوچاق قارد-

ـماقا يۇرەككىلا ئوخشايدىكەن.

چوغ داڭقانغا چۇشۇپلا يېنىپ، تېزلا ئوت يالقۇنغا ئايلىنىپتۇ، ئوت يالقۇنلىرى بولسا يەنە تېزلا بىر ساھىبجامال پەرىزات قىياپىتىگە كىرىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى ئوت، گويا ئوت يالقۇنىدىن ھاسىل بولغان سۇرەت ئىكەن.

— مەن ھامان ئەركىنلىككە چىقىمەن، — دەپتۇ ئاتەش پەرىزات گۇرۇلدىگەن بىر ئاۋازدا.

ئاپئاق مەلىكە دەرھال ئوچاقتا ئالتۇن تۇۋاقنى يېپىپتۇ، ئاندىن ئەنسىزلىك ئىچىدە جادۇگەرنىڭ (ئاپئاق مەلىكىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن «جادۇگەر خانىم» دەپ تۇرايلى) قايتىپ كېلىشىنى كۇتۇپتۇ.

مەشرىق ئۇپۇقلىرىدىن قىزىل قۇياش كۆتۈرۈلگەن مەھەلدە، ئاسماندا بۇركۇتتەك زور بىر شەپەرەڭ قېتىلغان ئالتۇن مەپە پەيدا بوپتۇ، شەپەرەڭ مەپىنى سۆرەپ ئۇچۇپ كەلگەنچە ئاستا ـ ئاستا ئالتۇن قەسىر ئالدىدىكى گۇللۇككە قونۇپتۇ.

— ياخشى تۇردۇڭمۇ ئانا، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە دۇدۇقلاپىراق.

— ياخشى، — دەپتۇ مەپىدىن ئالتۇن ياپراقچىلاردىن ھاسىل بولغان كىدىك كۆپتۇرمە ئېتەكلىك كۆڭلىكىنى شىلدىرلىتىپ چۇشۇپ كېلىۋاتقان جادۇگەر خانىم، — بىراق ئۆزۇڭ ئانچە ياخشى تۇرغاندەك ئەمەسقۇ؟

— شۇنداق ئانا، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە ھودۇقۇپ، — ئېھتىياتسىزلىقىمدىن ئوچاقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ

كېتىپ ئاتەش پەرىزات چىقىۋالدى، كۆپ بالا تېرىدى، ئامالسىز ئاق ئەجدىھانى قويۇۋەتتىم، ئۇ ئىشنى تۇگىتىپلا يوقاپ كەتتى.

— ئىسىت! — دەپتۇ جادۇگەر خانىم، ئۇ ئەزەلدىن ئارتۇقچە قايغۇرۇشنى سالامەتلىككە زىيانلىق دەپ قارايدى-كەن، — ئاق ئەجدىھانىڭ يوقاپ كەتكىنى يامان بوپتۇ، ئەمدى ئاتەش پەرىزات يەنە بىر قېتىم ئوچاقتىن چىقىۋالسا ئۇنى ھەرگىز تىزگىنلىيەلمەيمىز، ئۇ بىزگە زور ئاپەت بولىدۇ.

— ئەمدى ئېھتىيات قىلىمەن ئانا، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە.

— بىراق، — دەپتۇ جادۇگەر خانىم، — ئوچاقنىڭ تۆۋىقى ھەرگىز سېنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىڭ تۇپەيلى ئېچىل-لىپ كەتمەيدۇ. بەلكىم بىرى سېھىرلىك نەي چالغان بولسا كېرەك. مانا بۇ يەردە يات بىرسىنىڭ ئىزى تۇرىدۇ، بۇ يەرگە بىرسى كەلدىمۇ؟

چىملىقتا يات ئادەملەر دەسسەپ قويىسىلا ئۆچمەس ئىز قالىدىكەن، ئاپئاق مەلىكە شەلپەردەك قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سايتۇ.

— مەن ھازىرلا كىمنىڭ كەلگەنلىكىنى تېپى-ۋالىمەن، — دەپتۇ جادۇگەر خانىم، ئاندىن ئۇ ئاپئاق مەلىكىنى ئەگەشتۇرۇپ ئالتۇن قەسىرگە كىرىپتۇ ـ دە، ئالتۇن تەڭنىگە ئورنىتىلغان يۇپيۇمىلاق ھەم چوڭ بىر كۈمۈش ئەينەك ئالدىغا بېرىپتۇ، ئاندىن ئەينەككە قاراپ ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، ئەينەكتىن پادىچى يىگىت ئەكبەر

كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئالتۇن قەسىر ئالدىدا پەيدا بولغاندىن تار-
تىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ كۆرۈنۈشكە
باشلاپتۇ.

— ھاماقەت، — چالۋاقاپتۇ جادۇگەر خانىم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاپئاق مەلىكىنى ئەيىبلەپ، — سەن دېگەن خان ئەۋلادى، ئەتىۋارلىق مەلىكە، شۇنداق ئالىي نەسەبلىك تۇرۇپ، بىر پادىچىغا كۆڭۈل بەردىڭمۇ، بۇ بىزنىڭ جەمەتىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگىنىڭ بولمامدۇ. ئېسىلزادىلەر ئارىسىدا كۆلكىگە قالمامدۇق! ئىسىت، ئەقلىڭ قەيەرگە كەتكەن بولغىيتتى. سېنى ئاي ۋە قۇياشتىن باشقىغا كۆرسەتمەي، سەدەپ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك پاك ساقلىغانلىرىم نەگە كەتتى، مانا گۆھەرنى تاشقا ئېلىشتۇرۇۋەتكەندەكلا بىر ئىشقا ئۇرۇنۇپسەن، نېمىدېگەن ئەخمەقلىقھە؟

— مېنى كەچۈرۈڭ ئانا، — دەپتۇ ئاپئاق مەلىكە بوش ئاۋازدا، — بىراق ئۇ بەك ياخشىكەن.

— جۆيلۈمە، — دەپتۇ جادۇگەر خانىم، — تېزرەك ھوشۇڭنى تېپىشىڭ ئۈچۈن ساڭا خان جەمەتى ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭنىڭ بەلگىسى بولغان تاجنى كىيدۈرۈپ قويمىسام بولمىغۇدەك.

شۇنداق قىلىپ، جادۇگەر خانىم ئاپئاق مەلىكىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى ئۈستىگە قوندۇرۇلغان چىرايلىق گۈلچەمبىرەكنى ئېلىپ تاشلاپ، چوڭلۇقى ياڭاقچىلىك ۋە چىراغدەك نۇرلىنىپ تۇرىدىغان مەرۋايىت، گۈلىدەك - گۈلىدەك برىلىيانت، قىزىل، يېشىل، كۆك لەئەل - جاۋا-

ھىراتلار ئورنىتىلغان بىر ئالتۇن تاجنى كىيدۇرۇپ قويۇپ-
تۇ.

تاج كىيدۇرۇلگەن ئاپئاق مەلىكە بىردىنلا يۇرىكى،
بەلكى پۇتۇن ۋۇجۇدى مۇزلىغاندەك ھىس قىپتۇ. تاجمۇ
تاج ئەمەس، بەلكى بىر كىچىك تۇگمەن تېشىدەك بىلىنىپ-
تۇ. ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتكۇسى كەپتۇ، بىراق ئېلىۋېتەل-
مەپتۇ، ئۇنىڭ گۇلدەك چېھرىدىن تەبەسسۇم جىلۋىسى ئۆ-
چۇپتۇ، جادۇگەر خانىمغا ئوخشاشلا ھىسسىياتسىز مۇز
چىرايغا ئايلىنىپتۇ.

— سەن بېرىپ ھېلىقى پادىچىنى ئۆزۇڭ خالىغان بىر
نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ كەل، — دەپتۇ جادۇگەر
خانىم ئۇنىڭغا بىر سېھىرلىك تاياقنى بېرىپ.

ئاپئاق مەلىكە سېھىرلىك تاياقنى ئېلىپ، تازا خالاپ
كەتمىسىمۇ سۇپۇرگىگە مىنىپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

— ئۇنى چوقۇم تاشقا ياكى بەتبەشىرە بىر غەلىتە
مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋەت، — دەپ توۋلاپ قاپتۇ جادۇگەر
خانىم ئۇنىڭ كەينىدىن.

ئاپئاق مەلىكە شۇ ئۇچقانچە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، يى-
راقتا كەڭ دالىدا بېشىنى سىلىپ كېتىۋاتقان پادىچى يى-
گىت ئەكبەرنى كۆرۇپتۇ.

«ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشىم كېرەك»
دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، «چىرايلىق كېپى-
نەككە ئايلاندۇرۇۋەتسەم بولارمۇ ياكى ئالتۇن تاجلىق ئاق
قۇغا ئايلاندۇرۇۋېتەيمۇ ياكى تازا يوغان بىر ئالتۇن رەڭلىك
شاتۇتىغا ئايلاندۇرۇۋەتسەم بولارمۇ ياكى...»

ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى بىر يەردە توختىماپتۇ، شۇ هالدا پادىچى يىگىتنىڭ كەيندىن يېتىشىپلا قاپتۇ، سۇپۇرگە ئۇچقاندا ئاۋاز چىقارمايدىغان بولغاچقا، پادىچى يىگىت ئەكبەر ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىنىڭ كەينىدىلا تۇرغىنىنى سەزمەيلا قاپتۇ.

ئاپئاق مەلىكە سېھىرلىك تاياقنى تەگكۈزمەكچى بوپتۇ: «ئاق قۇغا، ياق شاتۇتىغا... ياق... كېپىنەككە... ياق... ئۇمۇ بولمايدۇ ياكى چىرايلىق بىر تال ئەتىرگۈلگە ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ كېتەيمۇيا».

ئۇ ئاخىرقى بۇ خىيالىنى تولىمۇ كۆلكىلىك هېس قىپتۇ، گۈل دېگەن ئالتۇن قەسىر ئالدىدىكى گۈللۈكتە كۆپ تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمە كېرىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاسادىپىي گۈل قۇرۇپ قالسىچۇ؟

ئۇ بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. ئۇ ھەرقېتىم سېھىرلىك تاياقنى تەگكۈزمەكچى بولغاندا نېمە ئۇچۇندۇر يۈرىكى قاتتىق ئاغرىغاندەك بولىدىكەن، تاياقنى تەگكۈزۈش خىيالىدىن يالتايغاندا بولسا قۇلاق تۈۋىدە جادۇگەر خانىمنىڭ: «تېز بول، ئۇنى بىرنەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەت، تېز» دەپ توۋلىغىنى ئاڭلىنىپ، شاھانە تاج بېشىنى قىسقاندەك، تېخىمۇ ئېغىرلىشىۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ.

ئۇنىڭ شاھانە تاجنى ئېلىۋەتكۈسى كەپتۇ، بىراق ئېلىۋېتەلمەپتۇ، ئېلىۋېتىشكە قۇربى يەتمەيدىغاندەكلا هېس قىپتۇ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟

«قارس» قىپتۇ - دە، ئۇ ئاخىر سېھىرلىك تاياقنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر چۆچۈپ كەينىگە قاراپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن توۋلىۋېتىپتۇ:

— ئاپئاق مەلىكەم، ئاخىر كەپسىز - دە...

بىراق، ئاپئاق مەلىكە بىردىنلا ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپتۇ:

— كىم سىزنىڭ ئاپئاق مەلىكىڭىز ئىكەن، جۆيلۇمەڭ، مەن دېگەن خان جەمەتىدىن، ئالىي نەسەبتىن. مەن تېخى بىرەرسىگە مەنسۇپ بولمىدىم، تەپتارتماستىن مېنى «ئاپئاق مەلىكەم» دېيىشكە نېمە ھەددىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىڭىزنى ئويلاپ قويۇپ، ئاندىن سۆزلەڭ.

ئۇ شۇنداق ئەزۋەيلەپ، پادىچى يىگىت ئەكبەرنى ھەيرانلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويۇپتۇ - دە، ئاخىرىدا:

— ئەمدى يەنە مېنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاۋارە قىلماڭ، بولمىسا سىزنى ئەڭ بەتبەشىرە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپلا كەينىگە بېنىپ، غۇيي قىلىپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر ئاپئاق مەلىكە كۆز ئالدىدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ھوشىنى يىغىپ توۋلاپتۇ:

— ئاپئاق مەلىكە!...

بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسىنىلا ئاڭلاپتۇ.

«ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟» ئويلاپتۇ ئۇ مەيۈسلىنىپ: «چىرايىمۇ، گەپ - سۆزلىرىمۇ ئىلگىرىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، ئۆزگىرىپتۇ، ھېلىلا ئۇ يىلىنجاپ تۇرغان بىر

پارچە ئوت ئىدى، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر پارچە مۇزغا ئايلىنىپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ ۋە ئەلەم بىلەن توۋلىۋېتىپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟!

يىراق - يىراقلاردىن پەرىزاتنىڭ شىۋىرلاشلىرى ئاڭلىنىپتۇ: «سەن ئۇنىڭ بېشىدىكى شاھانە تاجنى كۆرمىدىڭمۇ، شاھانە تاج ئەتراپىدا چاقناپ تۇرغان ئالتۇن نۇر چەمبىرىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟»

— ئۇ يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىدۇ، — توۋلاپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر، — مەن ئۇنى ئىزدەپ تاپىمەن، ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئاپئاق مەلىكەم، بۇرۇنقى ئوماق مەلىكەم.

ئۇ كەينىگە يېنىپتۇ، يولنىڭ ئېگىز- پەس، ئويدۇڭ-چوڭقۇرىغىمۇ سەپسالماي ئىتتىك - ئىتتىك يۈرۈپ كېتىپتۇ.

يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، كۈن مەغرىب ئۇپۇقلىرىغا باش قويغان مەھەلدە يىراق - يىراقلاردىن يالماۋۇز باشلىق تاغ چوققىسى كۆرۈنۈپتۇ، چوققا كۆل رەڭ بۇلۇت - تۇمانلارغا ئورىنىپ، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

ئۇ قاتتىق چارچىغىنىغا ۋە يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنىڭ قاناپ، كونا جاراھەتى ئۈستىگە يېڭى جاراھەتلەر قوشۇلۇپ، ئاغرىتقىنىغا قارىماي مېڭىپتۇ، ماڭغان ئىزلىرىدا يەنە قانلار تامچىپ، تامچىلىغان قانلاردىن قىزىلگۈللەر ئۈنۈپ پورەكلەپ، ئېچىلىپ بېرىپتۇ. بىراق، مېڭىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپتۇ. گويا ئۇ يەردە ئەمەس، بەلكى

تۆمۈر تىكەنلەر ئۈستىدە ماڭغاندەك قىيىنىلىپتۇ، شۇنداق-تىمۇ توختاش خىيالىغا كىرىپ چىقماپتۇ.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدىن ئاجايىپ يوغان بىر يىلان چىقىپ، ئۆتكۈر نەيزىدەك تىلىنى چىقىرىپ، كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق يېشىل نۇر چاقنىتىپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەرنى سۈر بېسىپتۇ: «قانداق قىلاي، شۇ تاپتا قولۇمدا قىلىچ ياكى ھېچبولمىغاندا بىرەر كالتەك بولغان بولسا، بۇ ۋەھشىي مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈپ، جاھاننى بىر نىجىستىن تازىلىغان بولاتتىم» دەپ ئويلاپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر، «ئەمدى قانداق تاقابىل تۇرسام بولار».

ئۇنىڭ قورقماستىن ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغىنىنى كۆر-گەن يىلان بىردىنلا ھەيۋىسىدىن يېنىپ، بۇرۇلۇپلا غايىب بوپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر يولىنى داۋام قىپتۇ. ئۇنىڭ ماڭغان يولىدا كەڭ دالىنى ئىككىگە بۆلۈش ئۈچۈن قۇرۇل-غان چىتلاققا ئوخشاش بىر رەت قىزىلگۈل تىزمىسى ھا-سىل بوپتۇ.

ئۇ يەنە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يالماۋۇز چوققىغا يېقىن-لاپتۇ، دەل شۇ چاغدا قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك دەھشەتلىك گۈلدۈرماما ساداسى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا ئۆركەشلەپ ئې-قىۋاتقان بىر ئەزىم دەريا پەيدا بولۇپ، پادىچى يىگىت ئەكبەرنىڭ يولىنى تواپتۇ.

«ئىلگىرى بۇ يەردە دەريا يوقتىغۇ؟» تۇرۇپ قاپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر تېڭىرقاش ئىچىدە ئويلىنىپ، «بۇمۇ

بەلكىم جادۇگەر خانىمنىڭ يولۇمغا قويغان توسۇقلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. بىراق، ئۇ ھەرقانچە مۇشكۈل، خەتەرلىك توسۇق بەرپا قىلسىمۇ، مېنى يولدىن قويالمايدۇ، بۇ دەريادىن چوقۇم ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتىمەن» ئۇ شۇنداق دەپلا ئىككىلەنمەي دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بىراق، ئۇ قۇرۇق يەرگە يىقىلىپتۇ، ئەمدى قارىسا بۇ يەردە ئەسلىي ھېچقانداق دەريا بولۇپ باقمىغاندەك. «خۇداغا شۇكرى» دەپتۇ پادىچى يىگىت: «سېھىرلىك ئەپسۇن دېگەنلەر ئەسلىي گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق، تايىنلىقلا ئىشلار ئىكەنغۇ.

ئۇ يولىنى داۋام قىپتۇ، يالماۋۇز چوققىسى تۈۋىگىمۇ يېتىپتۇ. بىراق، تاغقا يامىشىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىكەن، يەنە نەينىڭ ياردىمىگە تايانسۇنمۇ، ياق، نەينى ئەمدى بىر قېتىم چېلىش پۇرسىتىلا قالدى، ئەڭ زۆرۈر بولىدىغان ۋاقتى كەلمىسىلا ئۇنى ئىشلىتىپ قويۇپ زايە قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن ئاپئاق مەلىكىنى شاھانە تاجنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك.

ئۇ كۈچىنىپ چوققىغا يامىشىشقا باشلاپتۇ، بىراق زادىلا ئۆرلىيەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ بەل قويۇۋەتمەپتۇ، ئۇ تەرەپتىن يامىشىش مۇمكىن بولمىسا بۇ تەرەپتىن يامىشىپتۇ، ئاخىر قوللىرى قاپىرىپ، قاناپ قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ، ئارقىدىنلا تاپتاقىر تاشلىق يەردە ئۇنىڭ قولىدىن تامغان قان تامچىلىرىدىن قىزىلگۈللەر ئۈنۈپ، كۆكلەپ پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ، يەنە تېزلا ئېگىزلەپ، يالماۋۇز چوققىنى باخاشلاپ ئۆرلەشكە، چوققا ئۈستىگە يامى-

شىشقا باشلاپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر يۇز بەرگەن مۆجىزىدىن چەك-سىز سۆيۈنۈپ: «پەقەت سۇنماس ئىرادە ۋە چىدام - غەي-رەت بولسىلا ھەرقانچە مۇشكۇل - خەتەر ئىچىدىكى مەقسەت مەنزىلىگىمۇ يەتكىلى بولغۇدەك» دەپتۇ - دە، يالماۋۇز چوققىغا ھەشقىپىچە،كىتەك يامىشىپ، چىرمىشىپ ئۆسۈپ، ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان قىزىلگۈلنىڭ غول ۋە شاخلىرىغا ئېسىلىپ، يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلاپتۇ، بارماقتەك تومـ-لۇقتىكى غول ۋە شاخلارمۇ پولات ئارقاندەك مەزمۇت بو-لۇپ، بەرداشلىق بېرىپ ئۈزۈلمەپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر يامىشىپتۇ، يامىشىپتۇ، كەچ كىرىپ ئاسمان گۇمبىزى قارا چۇمبەلگە ئورانغۇچە يامى-شىپتۇ، لېكىن ئۇ پەقەت يالماۋۇز چوققىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىلا يامىشىپ چىقالاپتۇ، قوللىرىنىڭ گۆشلىرى تى-تىلىپ، سۆڭەكلىرى ئېچىلىپلا قاپتۇ، قانلىرى ئېقىپ تۈگەپ، ماغدۇرى تۈگەپ، ھېلىلا تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدى-غاندەكلا بولۇپ قايتۇ، بىراق يۇقىرى ئۆرلەشتىن يانماپ-تۇ.

شۇ چاغ ھىلال ئاي مەشرىق ئۇپۇقلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۇنى تارتىۋالماقچى بولغاندەكلا كۇمۇش رەڭلىك نۇر يىپچىلىرىنى سۇنۇپتۇ. ئارقىدىنلا نۇر يىپچىلىرى بىر-دىنلا نۇردىن ھاسىل بولغان بىر جۈپ قولغا ئايلىنىپ، ئۇنى يۇقىرىغا تارتىشقا باشلاپتۇ. ھىلال ئاي ئەتراپىدا جى-مىر - جىمىر چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك يېقىملىق كۆز قىسىشقا باشلاپتۇ. سالقىن

شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ ئاچىقىپ قويماقچى بولغاندەكلا ئۇ-نىڭ پۇتلىرى ئاستىدىن ئۇرۇلۇشقا باشلاپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر ئەمدى جىسمىغا يېڭىدىن كۈچ قوشۇلغاندەكلا ھېس قىلىپ، يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتسە تېنىگە قادىلىپ كىرىپ، ئىس-سىق قانلىرىنى سۈمۈرۈشكە تەييار تۇرغان خەنجەردەك قىرلىق تاشلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماپتۇ.

يامىشىپتۇ، يامىشىپتۇ، ھىلال ئاي مەغرىب ئۇپۇقلى-رىغا چۆكۈپ، مەشرىق ئاسمىنى ئەتىگەنلىك شەپەق نۇرىدا قىزارغان مەھەلدە يالماۋۇز تاغ چوققىسىدىكى يالماۋۇزنىڭ ئاغزىدەك غارغا يېتىپتۇ.

ئۇ يەنە تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك غارغا كىرىپتۇ. ئاخىر ئالتۇن قەسىر ئالدىغىمۇ چىقىپتۇ.

بۇ چاغدا جادۇگەر خانىم ئاپئاق مەلىكە بىلەن يەتتە شەپەرەڭ قوشۇلغان ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرۇپ، قاياققىدۇر سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرغانىكەن.

ئۇ پادىچى يىگىت ئەكبەرنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بوپ-تۇ، ھەم غەزەپلىنىپتۇ، بىراق ئاپئاق مەلىكىگە كايىشنى خالىماپتۇ، پادىچى يىگىت ئەكبەرنى چوققىدىن تاشلىۋې-تىش ياكى باشقا بىر يول بىلەن يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ يۇ-رۇشنى ئاۋارىچىلىك ھېس قىپتۇ - دە، ئەڭ ياخشىسى يالماۋۇز چوققىسى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنى قارار تېپىپتۇ. چۈنكى، ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ يالما-ۋۇز چوققىنىڭ كېرىكى يوق ئىكەن. ئالتۇن قەسىرمۇ ئۇ كەتسىلا بىر ئۆڭكۈرگە ئايلىنىپ، قىلچە تارتىشقۇچىلىكى

قالمايدىكەن.

ئۇ ئاپئاق مەلىكىنى تارتقۇشلىغىنىچە مەپىگە چىقىپ، شەپەرەڭلەرگە ئالتۇن دەستىلىك، ئەجدىھا پىيىدىن ياسال-غان قامچىسىنى ئۇرۇپتۇ، شەپەرەڭلەر كىرىلگەن يا شەك-لىدە تىزىلىپ ئۇچۇپ، مەپىنى سۆرەپ كۆك ئاسمانغا ئۆر-لەپتۇ.

— ئاپئاق مەلىكە! — توۋلاپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر بار كۈچىنى يىغىپ.

ئاپئاق مەلىكە بىردىنلا يۈرىكىنى بىر ئوت چىرمىۋال-غاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراپتۇ، بېشىنى قى-سىپ تۇرغان شاھانە تاجنى ئېلىپ تاشلىۋەتكۈسى كەپتۇ، پادىچى يىگىت ئەكبەرنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلىغۇسى كەپ-تۇ، بىراق شەپەرەڭلەر مەپىنى سۆرەپ، بەك تېز ئۇچقاچقا ئۇنىڭغا پۇرسەت بولماپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تامغان بىر تامچە ياش يالماۋۇز چوققا ئاسمىنىدىن ئايرىلغۇ-چە پادىچى يىگىت ئەكبەرنىڭ ئۇستىگىلا چۈشۈپتۇ.

پادىچى يىگىت ئەكبەر ھەسرەت بىلەن ئاپئاق مەلىكى-نىڭ شەپەرەڭ قوشۇلغان هارۋا بىلەن بىللە بارغانسېرى كىچىكلەپ، يىراقلاپ غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قاراپلا قاپتۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قايتا توۋلىغۇدەك مادارى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى ئاشۇ تەرەپكە قاراپ سوقىدىكەن، قەلبى «ئاپئاق مەلىكە، ئاپئاق مەلىكە» دەپ ئۈنسىز نىدا قىلىدىكەن.

شۇ چاغ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جادۇگەر خانىمنىڭ مەس-خىرىلىك كۈلكىسى بىلەن يېقىمسىز ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن. ئۇ ھازىر ئۆزىگە مۇناسىپ بىر شاھزادە بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا ماڭدى، ئۇنىڭغا نىكاھ ئوقۇلغان مىنۇتلار سېنىڭ ھالاكەت ئازگىلىغا تاشلىنىدىغان ۋاقتىڭ بولىدۇ، خەير - خوش، قەدىرلىكىم، سەن شۇ يەردە قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ جىسمىڭنى ئۆز قارنىغا دەپنە قىلىشىنى كۈتۈپ قېلىۋەر، مەندىن رەنجىمە، ئەسلىدە ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىلىشىڭ كېرەك ئىدى، بىراق ئېگىز شاخقا ئېسىلدىڭ، ئېگىز شاختا ئىسىلغانلار ھامان سەندەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

— ياق! — تۇۋلىۋېتىپتۇ پادىچى يىگىت ئەكبەر بىردىنلا جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، — ھەرگىز سەن دېگەندەك بولمايدۇ.

شۇ تاپتا ئۇ پۈتۈن جىسمىنى قاپلىغان جاراھەت بىراقلا ساقىيىپ ھېچقانداق ئازار يەتمىگەندەكلا، ۋۇجۇدى كۈچ - غەيرەتكە تولۇپ تاشقاندەكلا بىر ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ.

ئاپئاق مەلىكىنىڭ كۆزلىرىدىن تامغان ياش شۇنچىلىك خاسىيەتلىكمىدۇ؟

پادىچى يىگىت ئەكبەر ئەمدى يالماۋۇز چوققىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئاپئاق مەلىكە كەتكەن تەرەپكە، تاكى ئۇنى تېپىپ، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈچە مېڭىشنى قارار قىپتۇ.

بىراق، يالماۋۇز چوققىغا چىقىش قانداق مۇشكۈل - خەتەرلىك بولسا، چۈشۈشمۇ ئوخشاشلا شۇنداق مۇشكۈل - خەتەرلىك ئىكەن، لېكىن ئۇ مۇشكۈلات ۋە خەتەر دېگەنلەر-

نى ئويلاپمۇ قويماپتۇ، ئويلايدىغىنى پەقەت ئاپئاق مەلىكىلا ئىكەن.

«مەن يېتىپ بارغۇچە باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كې-تەرمۇ؟» شىۋىرلاپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە مەيۈسلۈك بىلەن، چۈنكى ئۇ يېتىپ بارغۇچە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۇشى ۋە نېمە ئىشلار يۈز بېرىشىنى كىم بىلسۇن.

شۇ چاغ كۆك ئاسماندا پەرىزاتنىڭ نۇرلۇق سېيماسى زاھىر بوپتۇ، پادىچى يىگىت ئەكبەر ئۇنى كۆرۈپلا تىزلى-نىپتۇ - دە:

— ئاھ! شەپقەتلىك پەرىزات، ماڭا ياردەم قىلىڭ، ئاپئاق مەلىكە باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكۈچە ئۇنى تېپىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىڭ...

پەرىزات ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپلا تارقىلىپ كەت-كەن تۇماندەك غايىب بوپتۇ، پادىچى يىگىت ئۇنىڭ جاۋابى-نى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

بىر چاغدا بىر قۇشنىڭ غاق - غاق قىلىپ سايرىغان ئاۋازى ئۇنى تېڭىرقاش ئىچىدىن، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقى-دىن تارتىپ چىقىرىپتۇ.

ئاجايىپ يوغان ۋە بېشىغا ئالتۇن تاج قوندۇرۇلغان بىر ئاق قۇ ئۇنىڭ قېشىغىلا قونۇپتۇ. ئاق قۇنىڭ قاياقتىن ئۇچۇپ كەلگىنىنى ئۇ سەزمەيلا قاپتۇ. «ئۇنى پەرىزات ماڭا ياردەمگە ئەۋەتىپتۇ - دە» ئويلاپتۇ پادىچى يىگىت چەكسىز سۆيۈنۈش ھېسلىرىغا چۆمۈلۈپ.

ئۇ سەل ئىككىلىنىشتىن كېيىن ئاق قۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋېپتۇ، ئاق قۇ قانات قېقىپ كۆككە ئۆرلەپ،

ھېلىلا ئاپئاق مەلىكە بىلەن جادۇگەر خانىم شەپەرەڭ قو-
شۇلغان ھارۋىدا ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە كىرىچتىن ئايرىل-
غان يا ئوقىدەك ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قۇياش كۆك ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈلگەن مەھەلدە بىر ئاۋات شەھەر ئاسمىنىغا، شەھەرنىڭ بىر چېتىدىكى ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىدە قەد كۆتۈرگەن شاھانە ئوردا - ساراي ئۈستىگە يېتىپتۇ.

شاھانە قەسىر ئالدىدىكى كەڭ سەينانىڭ بىر تەرىپىدى-
كى 40 پەشتاقلىق مۇنبەر ئۈستىدىكى شاھانە تەخت ئۈس-
تىدە بىر پادىشاھ ھەيۋەت بىلەن قېتىپ ئولتۇرغان، تەخت-
نىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدىكى ئالتۇن كۇرسىلاردا بولسا خانىش بىلەن جادۇگەر خانىم پەر يەلپۈگۈچلەردە ئۆزلىرى-
نى يەڭگىل يەلپۈپ، گىدىيىپ ئولتۇرۇشقان، ئۇلاردىن سەل تۆۋەندە بولسا شاھزادە بىلەن ئاپئاق مەلىكىگە نىكاھ ئوقۇش ئۈچۈن، قازاندەك يوغان سەللىلىك ئوردا ئۆلىما-
سى كۇمۇش كۇرسىدا ئۇزۇن ساقىلىنى تۇتاملاپ ئولتۇرغا-
نىكەن.

تۆۋەندە بولسا بىر تەرەپتە ۋەزىر - ۋۇزرالار، بەگلەر، كاتتا مەنسەپدارلار ۋە ئېسىلزادە ئاقسۆڭەكلەر ئېسىل زەر-
باپ تونلىرىغا ئورانغىنىچە ئەدەپ بىلەن قېتىپ تۇرۇشقان، بىر تەرەپتە بولسا خىلمۇخىل پەر يەلپۈگۈچلەرنى تۇتۇشۇ-
ۋالغان ۋە كىمخاب - تەتىللا، تاۋار- دۇردۇن كىيىملەرگە ئورىنىپ، بىر- بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئالتۇن- كۇ-
مۇش، گۆھەر- ئالماس... لاردىن ياسالغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشقان ۋە ئېسىشقان ئېسىلزادە - ئاقسۆڭەك

خىنىم ـ خانقىزلار نازاكەت بىلەن تىك تۇرۇشقانىكەن.
ئۇلارنىڭ سىپپى يۈز قەدەمچە سوزۇلغان ۋە ئىككى سەپ ئارىسىغا گۈل ـ چېچەكلەردە قىرلانغان قىزىل يىپەك گىلەم پاياندار سېلىنغانىكەن. پادىچى يىگىت ئەكبەر پايانداز ئۈستىدە ئوردا ئوركىستېرىنىڭ لەرزان مۇزىكا ئاۋازى ئىچىدە بېشىدىن ئايىغىغىچە ئالتۇن رەڭلىك زەرباپ كىيىمگە ئورىنىپ، دەستە ـ غىلاپلىرى ئالتۇندىن ۋە گۆھەر بىلەن زىننەتلەنگەن قىلىچ ئېسىۋالغان كۆرەڭ شاھزادە قولىدا بىردەستە قان رەڭلىك ئەتىرگۈل تۇتۇۋالغان ۋە يۈلتۇزدەك كۆپ ئۇنچە ـ مەرۋايىت ۋە ئالماس بىلەن زىننەتلەنگەن قاردەك ئاق توي كىيىمى كىيىۋالغان، چېھرىدىن قاردەك سوغۇقلۇق يېغىپ تۇرغان ئاپئاق مەلىكىنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ.
مانا ئۇلار پەشتاققىمۇ يېتىپتۇ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلاپتۇ، نىكاھ ئوقۇشقا ھازىرلانغان ئۆلىمانىڭ ئالدىغىمۇ يېقىنلاپتۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟
ئۇلارنىڭ ھەربىر قەدىمىدە بىر قېتىم يۈرىكى ئەنسىز سوقۇۋاتقان پادىچى يىگىت ئەكبەر ئاخىر بېلىدىكى سېھىرلىك نەينى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى سۇغۇرۇۋاپتۇ ـ دە، ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر كۈيگە چاپتۇ، نەي ئاۋازى كىشىگە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت دەرياسىدا ئۈزگەن شېرىن مىنۇتلىرىنى ئەسلىتىدىكەن، جۇدالىق مىنۇتلىرىدىكى ئاشىقلارنىڭ قەلب نىداسىنى ھېس قىلدۇرۇپ، يۈرەك تارلىرىنى چېكىدىكەن.

ئاپئاق مەلىكە توختاپ نەي ئاۋازى ياڭرىغان تەرەپكە قاراپتۇ، ئۇلا ئەمەس، ھەممىنىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە، ئاق قۇ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سېھىرلىك نەي چېلىۋاتقان پادىچى يىگىت ئەكبەرگە يۆتكىلىپتۇ. نەي ساداسى بولسا تېخىمۇ سۈزۈك ۋە مۇڭلۇق ياڭراشقا باشلاپتۇ.

— ياق! — توۋلىۋېتىپتۇ بىردىنلا جادۇگەر خانىم ئەلەم بىلەن، — ئۇنى تېز يوقىتىڭلار...

شۇ چاغدا ئاپئاق مەلىكە تۇيۇقسىزلا ۋۇجۇدىنى بىر ئوت قاپلىغاندەك، يۈرىكى چوغلىنىپ كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ، قاردەك سوغۇقلۇق يېغىپ تۇرغان چېھرى قۇياش-تەك ئېچىلىپ، نۇرلىنىپ كېتىپتۇ.

— پادىچى يىگىت، — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ ئۇ بىردىنلا سۆيۈنۈش بىلەن. شۇ ھامان ئۇنىڭ توي كۆڭلىكىدىكى ئۇن-چە- مەرۋايىت ۋە ئالماسلار يەرگە تۆكۈلۈپتۇ، ئۇ قەتئىي-لىك بىلەن بېشىدىكى شاھانە تاجنى ئېلىپ تاشلاپتۇ- دە، ئىسكەنجىدىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ، شامالدا ئۇچۇۋاتقان گۈل بەرگىدەك يەڭگىل ئۇچۇپ بېرىپ، ئاق قۇنىڭ ئۈستى-دىكى پادىچى يىگىتنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ- دە، ئۇنىڭ بىلەن يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

توي ئەھلى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھاڭۋېقىپ قارىشىپلا قاپتۇ. شاھزادە بولسا ئەلەم بىلەن ئالتۇن دەستىلىك كۈ-مۈش قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، نىشانسىز پۇلاڭلىتىپ، توۋ-لاپ قاپتۇ. بىر چاغدا كۆپچىلىك ئېسىنى يىغىپ جادۇگەر خانىمغا قاراشقىنىدا ئۇنىڭ بىر مەرمەر ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

# ئالتۇن ئاچقۇچ

يىراق بىر زامانلاردا بىر جۇپ ئاكا - ئۇكا ئۆتكەن بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى دىلشاد، كىچىكىنىڭ ئىسمى مىرشاد ئىكەن، ئۇلار بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەر ئىكەنۇ، لېكىن خۇي - پەيلى، پىكىر - خىيالى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن.

دىلشاد تىرىشچان، قىلىۋاتقان ئەمگىكىدىن كۆپرەك ھوسۇلغا ئېرىشىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدىغان، كىشىلەرگە يېقىشلىق، خۇش چىراي بالا ئىكەن، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى يەڭگىللىتىدىكەن.

مىرشاد بولسا ھۇرۇن - تەييارتاپ، ھۇرۇنلۇقىدىن يۈز يۇيۇشقىمۇ ئېرىنىپ، ئاق يۈزلىرى كۆمۈرچىنىڭكىدەك قاپقارا بولۇپ كىرلىشىپ كەتسىمۇ كارى يوق يۈرىدىغان بولۇمسىز بالا ئىكەن. پەند - نەسىھەتلەر قىلچىلىك كار قىلمايدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، دىلشاد ئىشلەپ تاپقانغا مىرشادمۇ شېرىك بولۇپ، يەپ يېتىۋەرگەنلىكى ئۇ-

چۈن ئۇلار روناق تاپماپتۇ، تاپقىنى گېلىدىن ئاشماپتۇ، ئاكا- ئۇكىلارنىڭ يېشى 20 گە بېرىپ قاپتۇ. ئاتا - ئانىسى بۇلارنى ئۆيلەش كويىغا چۈشۈپتۇ، بىراق ئېشىنغان مۈلكى بولمىغاچقا توي چىقىمىغا چىقىنالماي غەمگە پېتىپ مەسلى- ھەتكە چۈشۈپتۇ:

— ئۇلارنى سەپەرگە ئەۋەتەيلى، — دەپتۇ ئاتىسى، — ياقا يۇرتلاردا يولى ئېچىلىپ، ئاز - تولا پۇل تېپىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن كۆزىمىزنىڭ ئوچۇقىدا پەرزىنى ئادا قىلىۋالارمىز، مىرشادمۇ شۇ باھانى- دە ئىسسىق - سوغۇقلارغا پىشىپ، راۋۇرۇس ئادەم بولۇپ كېلەر.

— ۋاي بولمايدۇ، — دەپتۇ ئانىسى، — سەپەر دېگەن جاپالىق، ئۇلار سەپەردە ئاچ - توق قېلىپ قىينالمامدۇ، ياتىدىغان ئۆينى نەدىن تاپىدۇ، ئۇلارنى مۇشەققەت ئوتىدا پۇچىلىغۇچە ئۆزىمىزلا بىر ئامال قىلايلى.

ئۇلار شۇنداق تالىشىپ، پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي تۇرغاننىڭ ئۇستىگە دىلشاد كىرىپ كەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— سەپەرگە چىقساق، مۇشەققەت ئوتىدا تاۋلىنىپ، پىشىپ يېتىلىمىز، ئىش تېپىپ قىلىپ، ئاز - تولا پۇل تېپىشىمىزمۇ مۇمكىن، ھېچبولمىسا بىرەر ھۈنەر - كە- سىپ ئۆگىنىپ كېلەرمىز، بىزگە ئىجازەت بېرىڭلار.

ئانىسى ئامالسىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ، ئۆيىدە بار ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇپ نان يېقىپتۇ، ئەتىسى نانلارنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، دىلشادنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ قويۇپتۇ، ئىنىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپى-

لاپ، ئۇلارنى سەپەرگە ئۇزىتىپتۇ، مىرشاد ئۇلارنىڭ زو-
رى بىلەن بويىنىدىن باغلاپ سۆرىگەندەكلا ئاكىسىنىڭ كەي-
نىدىن ئەگىشىپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يول ئۇستىدە دىلشاد كى-
شىلەرنىڭ ئىش - ئەمگەكلىرىگە ياردەملىشىپ، يېمەك -
ئىچمەك ۋە قونالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ مېڭىپتۇ،
ئاخىر بىر چوڭ شەھەرگە يېتىپتۇ، شەھەر شاھىنىڭ ئاي
دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، ئاجايىپ ساھىبجا-
مال ۋە پەزىلەتلىك بىر قىزى بار ئىكەن، بۇ قىزغا كۆپلى-
گەن شاھزادىلەر ۋە بايۋەچچىلەر ئاشىق ئىكەن، لېكىن
ھېچبىرى شاھنىڭ سالغان تويلۇقىنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۇ-
رادىغا يېتەلمەي يۈرگەنىكەن، چۈنكى شاھ ھەرقانداق ئەل-
چىگە ئوردا ئىچىدىكى بىر كۆلنى ئالتۇنغا، بىر كۆلنى
گۆھەر تاشلارغا تولدۇرۇش شەرتىنى قويىدىكەن، بۇنچە
بايلىق كىمدىن چىقسۇن، شۇڭا مەلىكىنىڭ يېشى 18 دىن
ئاشقان بولسىمۇ تېخى ياتلىق قىلىنمىغانىكەن.

بۇ ھەقتىكى گەپ - سۆزلەر شەھەرگە ئەمدىلا قەدەم
قويغان ئاكا - ئۇكىلار قۇلىقىغىمۇ كىرىپتۇ، ئۇلارنى شې-
رىن خىياللارغا چۆمدۈرۈپتۇ.

— مېنىڭ شۇنچىلىك بايلىقىم بولسىچۇ، — دەپتۇ
مىرشاد، — مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، ئۆمۈر بويى يەپ
يېتىپ، راھەت ئىچىدە ياشىغان بولاتتىم، شۇنداق تۇرمۇش
بەكمۇ شېرىن بولاتتى.

— ئۇنداق خام خىياللاردا بولما، — دەپتۇ
دىلشاد، — ئەمگەك قىلىپ، ھالال بايلىققا ئېرىشىش كو-

يىدا بول، جاپالىق مېھنەت بىلەن يارىتىلغان باياشات تۇر-
مۇشلا ھەقىقىي شېرىن بولىدۇ.
ئۇلار شۇنداق دېيىشىشۋېتىپ شەھەردىن قايتىپ چى-
قىپتۇ، يولدا هارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالغان بىر بوۋايغا
يولۇقۇپتۇ، بوۋاي ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ:
— بالىلىرىم، — دەپتۇ ئۇلارغا، — ماڭا ياردەملى-
شىپ هارۋىنى پاتقاقتىن چىقىرىشىپ بەرسەڭلار سىلەرگە
چوڭ بىر خەزىنىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بار جاينى ئېيتىپ
بېرەتتىم.
— كارىمىز بولمىسۇن، — دەپتۇ مىرشاد، — ئۇ
يالغان سۆزلەيدۇ، ئالتۇن ئاچقۇچ بار جاينى بىلسە ئۆزى
بېرىپ ئېلىۋالماسمىدى، قەستى بىزنى بىكارغىلا ئىشلى-
تىپ، هارۋىسىنى پاتقاقتىن چىقارغۇزۇۋېلىش.
— مەيلى، نېمىلا بولسۇن ياردەم قىلايلى، — دەپتۇ
دىلشاد، — ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارىمىز
بولمىسا بولماس.
مىرشاد غۇدۇراپ چەتكە چىقىۋاپتۇ، دىلشاد پاتقاق
كېچىپ يۈرۈپ هارۋىنى ئىتتىرىپتۇ، بوۋاي ئېشىكىنى
قامچىلاپ، هارۋىنى تارتىپ يۈرۈپ ئاخىر پاتقاقتىن چىقى-
رىۋاپتۇ.
— رەھمەت ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇ تەشەككۇر ئېيتىپ،
كېچە چۈشۈمدە ئايان بولۇشىچە يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتى-
كى بىر تاغ ئۆڭكۈرىدە غايەت زور بىر خەزىنىنىڭ ئالتۇن
ئاچقۇچى ساقلانغان ساندۇق يوشۇرۇنغانمىش، ئۇنى يالغۇ-
مىكى دېسەم خۇددى ئوڭۇمدىلا كۆرگەندەك ئېنىق كۆر-

گەن، ساندۇق سىرتىغا «بۇ تاغ بىر خەزىنە، ئالتۇن ئاچ-
قۇچ مۇشۇ ساندۇقتا...» دەپ يېزىلغانىكەن، مەن باراي
دېسەم قېرىدىم، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى، ئۇنچە
كۆپ بايلىق ھاجەتسىز، مىراسخور بولغۇدەك ئەۋلادىممۇ
يوق، تاغقا چىققۇدەك مادارىممۇ يوق، بايا «بىر ياخشى
نىيەتلىك كىشىگە يولۇقسام، ھارۋامنى پاتقاقتىن چىقىرىپ
بەرسە، چۇشۇمنى شۇنىڭغا بايان قىلسام، خاسىيىتى شۇ-
نىڭغا بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ياندۇرغىنىم بول-
سا» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرغانىدىم، خۇدا سېنى يەتكۈز-
دى، سەن ياش بولغاندىكىن ئىزدەپ باققىن، بەخت -
تەلىيىڭ بولسا ئەجەب ئەمەس.
دىلشاد بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپ، تاغ تە-
رەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ، مىرشادمۇ تەييارغا ھەمشىرىك بو-
لۇش ئۈمىدى بىلەن زورۇقۇپ ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، ئۇلار
كۆپ يۈرۈپ تاغ باغرىغىمۇ يېتىپتۇ، تاغنىڭ بۇلۇتقا تاقاش-
قۇدەك ئېگىزلىكى، چىقىشنىڭ تەسلىكىنى كۆرۈپ يەنە
مىرشادنىڭ ھۇرۇنلۇقى تۇتۇپتۇ - دە، تاغقا چىقماسلىق
قارىنىنى ئېيتىپ:
— سەن ئۆزۈڭ ئىزدە، مەن مۇشۇ يەردە سېنى كۈ-
تەي، زادىلا ماغدۇرۇم قالمىدى، پۈتلىرىممۇ قاپىرىپ كەت-
تى،— دەپلا موككىدە يېتىۋاپتۇ.
دىلشاد ئامالسىز بىر ئۆزىلا تاغقا يامىشىپ، تاغ ئۆڭ-
كۈرىنى ئىزدەپتۇ، ئاخىر تاغ چوققىسىغا يېقىن بىر جايدا
ئاغزى ئۆمۈچۈك تورلىرىدا پەردىلەنگەن، ياۋا ئوت - چۆپ-
لەر بىلەن توسۇلغان ئۆڭكۈرنى تېپىپ ئىچىگە كىرىپ،

داتلىشىپ كەتكەن بىر تۆمۈر ساندۇقنى تېپىپتۇ، ساندۇق-نى سىرتقا ئاچىقىپ، ئۈستىگە نەقىشلەنگەن بىر جۈملە سۆزنى كۆرۈپتۇ: بۇ تاغ بىر خەزىنە، ئالتۇن ئاچقۇچ مۇشۇ ساندۇقتا، ئۇنىڭغا تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق، ئىرادىلىك كىشىلا ئېرىشەلەيدۇ» دېيىلگەنىكەن.

دىلشاد ساندۇقنى ئېلىپ تاغدىن چۈشۈپ، مىرشادنىڭ يېنىغا يەتكەندە ساندۇقنى ئېچىپتۇ، ساندۇقتا بىر كۆك مۇقاۋىلىق كىتاب بار ئىكەن، مۇقاۋىغا «ئالتۇن ئاچقۇچ» دېگەن خەتلەر زەر ھەل بىلەن نەقىشلەنگەنىكەن.

— ھېلىقى قېرى بىزنى ئالدايدۇ دېمىدىممۇ، — دەپتۇ مىرشاد ئۈمىدسىزلىنىپ، — مانا، نەدىمۇ ئالتۇن ئاچقۇچ بولسۇن، ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدىغان توقۇمىدەك بىر كىتابكەنغۇ.

— ئاۋۋال كىتابنى كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ دىلشاد مەيۈسلەنمەي، — كىچىكىمىزدە ئاتا - ئانىمىز بىزنى ئوقۇ-تۇپ ساۋاتلىق قىلىپ قويغانغۇ.

دىلشاد كىتابنى ۋاراقلاپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ، كىتابتا تۈرلۈك بىلىملەر — ئالتۇن ۋە گۆھەر كانلىرىنى تېپىش، ئېچىش، قېزىش، ئايرىش ھەققىدىكى تەدبىر - تەجرىبىلەر سۆزلەنگەنىكەن. يەنە بۇ تاغنىڭ بايلىق خەرىتىسىمۇ بار ئىكەن.

— قايغۇرما، — دەپتۇ دىلشاد مىرشادقا خۇشاللىق بىلەن، — بۇ كىتاب ھەقىقىي ئالتۇن ئاچقۇچ ئىكەن، ئۇنىڭغا خاتىرىلەنگەن بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالساقلا تاغ-دىكى بايلىق خەزىنىسى بىزگە ئىشىكىنى ئاچقۇدەك.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مىرشاد بىلەن كىتابنى ئېلىپ شەھەرگە يېنىپتۇ، بىر ناۋايغا ياللىنىپ ئىشلەپ، ئۆزى ۋە مىرشاد ئۇچۇن يېمەك ـ ئىچمەك، قونالغۇ تەييارلاپتۇ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەپتۇ، چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى يېقىن ئەتراپتىكى مەدرىسەگە بېرىپ مۇدەررىس ـ ئالىملاردىن سوراپ ئۆگىنىپتۇ، ئىجتىهات بىلەن بىر يىل تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كىتابتىكى ھەممە بىلىمنى ئۆزلەشتۈرۈپتۇ.

مىرشاد بولسا دىلشاد تېپىپ بەرگەننى يەپ، ھېچ ئىش قىلماي، كىتابنى ياستۇق ئېتىپ ئۇخلاپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، دىلشادنىڭ كىتابتىكى بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىنمۇ تاغدىن بايلىق تاپالىشىغا ئىشەنمەپتۇ.

دىلشاد كىتابنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان كۈنى تاغقا بېرىپتۇ. نەچچە كۈنلەر قىدىرىپ يۈرۈپ مول ياقۇت كېنىنى تېپىپتۇ، بىرمۇنچە ياقۇتلارغىمۇ ئىگە بوپتۇ، ئاندىن ياقۇتلارنى سېتىپ كاتتا زەردار بايغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، نۇرغۇن ئىشلەمچى ياللاپ تاغدا ياقۇت كېنى قېزىپتۇ، بايلىق خەرىتىسى بويىچە ئالتۇن كانىنىمۇ تېپىپ، بىر بۆلەك ئىشلەمچىنى كان قېزىش، ئالتۇن تاۋلاشقا ساپتۇ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شاھ ئوردىسىدىكى ئىككى كۆلنى تولدۇرۇپ، ئېشىپ قالغۇدەك ئالتۇن ۋە گۆھەر ـ ياقۇتقا ئېرىشىپتۇ، ياللانغان ئىشلەمچىلەرمۇ كۆپ نەپ ئېلىپ، كاتتا بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن دىلشاد گۆھەر ۋە ئالتۇنلارنى شاھ ئوردىسىغا توشۇتۇپ، ئىككى كۆلنى تولدۇرۇپتۇ، شاھ

بىلەن ۋەزىرلەرنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ، شاھ بىلەن ۋەزىرلەر بۇنچە كۆپ بايلىقنى كۆرۈپ ئەقلى ھەيران بوپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپ سوراپتۇ شاھ دىلشادتىن، كۆپلىگەن شاھزادە - بايۋەچچىلەر، كاتتا زەردارلارمۇ تولدۇرۇشقا كۆزى يەتمەي قىزىمنىڭ ۋەسلىدىن ئۈمىد ئۈزگەن، بۇ كۆللەرنى سەن قانداق تولدۇردۇڭ.

— ئىلىمدىن ئىبارەت ئالتۇن ئاچقۇچ ماڭا تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ تۈگىمەس بايلىق خەزىنىسىنى ئېچىپ بەردى، — دەپتۇ دىلشاد، — شۇڭا مەن باشقىلار قىلالمىغان ئىشنى قىلىپ، شەرتلىرىنى ئادا قىلدىم.

— ئاپىرىن ساڭا، — دەپتۇ شاھ خۇرسەن بولۇپ، — قىزىم يېگانە پەرزەنتىم ئىدى، ئەمدى ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم، مۇشۇ ئوردىدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇڭلار، مەندىن كېيىن تەختىمگە سەن ۋارىسلىق قىلغىن، ئەلگە ياخشىلىق قىلىشىڭغا ئىشىنىمەن.

دىلشاد مەمنۇنلۇق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز كاتتا توي مەرىكىسىدىن كېيىن مەلىكە دىلشادقا نىكاھلاپ بېرىپتۇ، دىلشادنىڭ شۆھرىتى ھەريان تارقىلىپتۇ، ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنىڭ سايىسىدا باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ.

مىرشاد بولسا دىلشاد ئېرىشكەن بەخت - دۆلەتنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقىدىن خىجىل بوپتۇ - دە، دىلشادتىن «ئالتۇن ئاچقۇچ» نى سورىۋېلىپ، ھۇرۇنلۇقىنى تاشلاپ، تەبىئەت خەزىنىسىنى ئېچىش، سىر - تۈگۈن-

لەرنى يېشىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن ئوقۇشقا بېرىلىپ، پارلاق ئىستىقبال يا-
رىتىش يولىغا قەدەم قويۇپتۇ.



本书收录了12篇童话故事。

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

# ئەترگۈل مەلىكە

ئاپتورى: ئادىل ئىمىن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 6.25
2008 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3080

ISBN 978—7—5373—1756—6
باھاسى: 13.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

لىش، ئۇلاردىن بەدىئىي ئو-
زۇقلىنىش ئاساسىدا شېئىر،
چۆچەك، مەسەل ئىجادىيىتى
بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ بىر
قىسىم چۆچەك، شېئىر ۋە مە-
سەللىرى «شىنجاڭ گېزىتى»،
«قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تارىم
غۇنچىلىرى»، «يەكەن گېزىد-
تى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرنال-
لاردا ئېلان قىلىنغان.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق



ISBN 978-7-5373-1756-6

9 787537 317566 >

ISBN978-7-5373-1756-6
（民文）定价：13.00 元